3

# شىنجاڭ

# ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

1992

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى
1992 3
№ 13
20 - ئىيۇل نەشىردىن چىقتى

# بۇ ساندا

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ نېگىزلىك پرىنسىپلىرى ........................ 1
يولداش جياڭزېمىن ۋە لى پېڭنىڭ پەن - تېخنىكا ھەققىدە ئېيتقانلىرى ........................ 2
ماركسىزملىق ئاياللار قارىشى ۋە ئاياللار ئازادلىقى ........................ خەلچەم ئىسلام 5
تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى ........ چېن داخۇا 10
ماۋزېدۇڭنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ۋە بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىكى
ئىدىيىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ........................ نىزام ئىسمائىل 13
ئىككى خىل سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ پەرقى توغرىسىدا ........ تىلىۋالدى ئابلىز 17
پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتەيلى ........ لۇلياڭشۇ 21
يېزا - ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش فاڭجېنى ۋە
مائارىپ ........................................ گۈلسۈم ھوشۇر 26
يۇقىرى ئۈنۈملۈك چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا ........ سۈن جىنگۇي 34
ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر ئالتە چوڭ پىلانى ........................ 36
«دۇتتۇق» نىڭ 50 يىللىقى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ پارلاق يولى...... قەيۇم تۇردى 39
سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى چىنلىق توغرىسىدا ........ مەمتىمىن جاپپار 44
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلاھاتچىلىق ئېقىمى ........ قادىر ئەكبەر 50
ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدە شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلار ........ يۈنۈسجان ئەلى 55
ئۇيغۇر كىيىملىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى ھەققىدە ........................ شېرىپ خۇشتار 57
مۇنەۋۋەر ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئىختىساسلىقلارنىڭ نېگىزلىك خۇسۇسىيىتى ...... ۋاڭ تۇڭشۇن 59
رىقابەتلىك خەلقئارا مۇھىت ۋە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى
ھەققىدە ........................................ غوپۇرجان مۇھەممەدى 62
ئىقتىدارنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى ئورنى ........................................ يالقۇن 67
ئىجادىيەت تەتقىقاتى ........................................شى ۋېنجاڭ 71
مۇھەررىر ۋە تالانت ئىگىلىرى........................................ مۇھەممەت شاۋدۇن 80
پەن - تەتقىقات ئۇچۇرلىرى ........................ مۇھەممەت ھەسەن، ئابدۇراجان نۇرۇل قاتارلىقلار 83
ئىلمىي جەمئىيەتلەر پائالىيەتلىرى ........................................ ئۆز مۇخبىرلىرىمىز 92
شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ھەققىدە سوئال - جاۋابلار........................ سەي جىنسۇڭ 93

# جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى

يولداش جياڭ زېمىننىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش» سۆزىدە ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تۈپ قائىدىلىرىگە ئاساسەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ تۈپ پرىنسىپلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشقا چىڭ تۇرۇشى، باشقا ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ مۇۋاپىق دەرىجىدە راۋاجلىنىشىغا رۇخسەت قىلىشى ۋە ئىلھام بېرىشى لازىم. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئايرىلىپ، بىرلا خىل ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى يولغا قويۇشقىمۇ بولمايدۇ، ئىگىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى تەۋرىتىپ، خۇسۇسىيلاشتۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنىدىغان، باشقا تەقسىمات شەكىللىرى قوشۇمچە قىلىنىدىغان تەقسىمات تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھەم تەڭ تەقسىماتچىلىقنى تۈگىتىپ، ھەم ئىككى تەبىقىلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، پۈتۈن خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك، سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش بىرلەشتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش، دۆلەتنىڭ قانۇن، قائىدە ـ نىزاملىرى ۋە پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەم ئىلگىرىكىدەك ھەددىدىن ئارتۇق تولۇق باشقۇرۇش ئىللەتلىرىنى تۈگىتىش، ھەددىدىن ئارتۇق تارقاقلاشتۇرۇۋەتمەسلىك، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش ـ كونترول قىلىشنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتمەسلىك لازىم.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى، دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ؛ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، غەربنىڭ پارلامېنت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ۋە ئىنكار قىلىشقا، غەربنىڭكىدەك كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشى كېرەك، يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ؛ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى، خەلقنى زەھەرلەيدىغان، جەمئىيەتنى بۇلغايدىغان، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويماسلىقى كېرەك؛ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشى، دۆلىتىمىزنىڭكىنى ئاساس قىلىشى شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل نەتىجىلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىشى كېرەك؛ مىللىي ئىنكارچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ.

— تەييارلىغۇچى قادىر ئىسمايىل

# باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ پەن ـ تېخنىكا ھەققىدە ئېيتقانلىرى

4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تىن سائەت 6 دىن 20 مىنۇتقىچە باش شۇجى جياڭ زېمىن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك ئىلمىي بۆلۈم ئەزالىرىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقان بىر قىسىم ئىلمىي بۆلۈم ئەزالىرىنى جۇڭنەنخەينىڭ خۇەيرېنتاڭ زالىغا تەكلىپ قىلىپ سۆھبەتلەشتى. بۇ ئىلمىي بۆلۈم ئەزالىرى ئىچىدە باش شۇجىنىڭ كونا تونۇشلىرى ھەم يېڭى دوستلىرى بار ئىدى. ئىلمىي بۆلۈمدىكى يېڭى ـ كونا ئەزالار باش شۇجى بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، پەن ـ تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلىرى توغرىسىدا بىرلىكتە مەسلىھەتلەشتى.

جياڭ زېمىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنگە ۋەكالىتەن، مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان 509 نەپەر ئىلمىي بۆلۈم ئەزاسىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى ۋە ئۇلارغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: بىز ئىلمىي بۆلۈم ئەزالىرىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ ـ چوڭ تەدبىرلىرىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ۋە دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ئىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى پىكىر ۋە تەدبىرلىرىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

جياڭ زېمىن ئالىملارنىڭ پىكرى ۋە تەكلىپلىرىنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنىڭ ئىلھامىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە ناھايىتى ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، تېخىمۇ دادىلراق بولۇپ، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈشى، خەلق ئىگىلىكىنى بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم، دەپ ھېسابلىدى. ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: خەلق ئىگىلىكىنى ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق كۈرەش قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇقى ـ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم ئۇقتىسىنى پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىزىغا چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت.

جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پەن ـ تېخنىكا سېپىدىكى يولداشلار دۆلىتىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. زور بىر قىسىم پەن ـ تېخنىكا كۈچلىرى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانلىرىغا ئاتلىنىدىغان بولسا پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى تېز سۈرئەت بىلەن رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىدۇ؛ پەن ـ تېخنىكا ۋاستىلىرىغا تايىنىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش داۋامىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لازىم، بۇ نوپۇسنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، تەبىئىي بايلىقلار ۋە مۇھىتقا بولغان بېسىمنى يېنىكلىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئاساسىي سانائەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسىپلىرىنى پائال ئېچىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى جەھەتتىكى مۇھىم باشلامچىلىق رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرغۇزۇش لازىم. خىللانغان پەن ـ تېخنىكا كۈچلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتىنى پىلانلىق ھالدا قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىي تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، ئىلىم ـ پەن زاپىسىنى كۆپەيتىپ، يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈش لازىم.

جياڭ زېمىن پەن ـ تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىنى بىر قانچە جەھەتتىن بايان قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىمى - ئىختىساس ئىگىلىرى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن - تېخنىكا ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ چىقىرىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە پەن - تېخنىكا قوشۇنىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى لازىم. بىلىمگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىختىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ياش ئەۋلادلارنى ئىلىم - پەنگە ئىنتىلىدىغان، ئىلىم - پەننى قىزغىن سۆيىدىغان قىلىش، تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا ئاڭلىق بېغىشلايدىغان قىلىش لازىم، پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ماددىي ئاساس بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار ۋە جەمئىيەتتىكى ئالاقىدار تەرەپلەر جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، پەن - تېخنىكىغا سېلىنىدىغان سەرمايىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپەيتىشى كېرەك؛ پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى بەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. بۇنىڭ يادروسى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن پەن - تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادنى تېز ئارا بىرلەشتۈرۈشكە پايدىلىق يېڭى تۈزۈلمە ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

جياڭ زېمىن ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: 90 - يىللار دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىل. پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى پەن - تېخنىكا ساھەسىدىن چوڭ ئۈمىد كۈتمەكتە. بىز بارلىق ئىلمىي بۆلۈم ئەزالىرى ۋە كەڭ پەن - تېخنىكا خادىملىرىدىن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە جاپالىق كۈرەش قىلىپ، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن، دەۋر، دۆلەت، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يۈز كېلەلەيدىغان تارىخىي تۆھپىلەرنى يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

(«جۇڭگو ئىلىم - پەن گېزىتى»نىڭ 1992 - يىل 1 - ماي سانىدىن مۇھەممەت غازى تەرجىمىسى)

# لى پېڭ زۇڭلىنىڭ پەن - تېخنىكا ھەققىدە ئېيتقانلىرى

لى پېڭ زۇڭلى 1992 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندە: «پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم» دېدى.

لى پېڭ يىغىندا بەش مەسىلىنى سۆزلىدى:

1. پەن - تېخنىكا سېپىنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا

ھازىر ئېلىمىز سىياسىي، ئىجتىمائىي جەھەتتە مۇقىم، ئىگىلىك ياخشى يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلانماقتا، ۋەزىيەت ياخشى. پەن - تېخنىكا سېپىنىڭ ۋەزىيىتىمۇ ياخشى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە تەرەققىيات جەھەتتە خېلى چوڭ قەدەم تاشلاندى. ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مەيلى نەزەرىيە ياكى ئەمەلىيەت جەھەتلەردە بولسۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئىجادىي بولدى. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى تۈرلىرىدىمۇ مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، پەن - تېخنىكىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، بۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. پۈتكۈل جەمئىيەتتە پەن - تېخنىكا ئېڭى كۈچەيدى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئورتاق تونۇشى بولۇپ قالدى. بۇ، ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش.

2. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي فاڭجېنى توغرىسىدا.

ئاساسىي فاڭجېن مۇقىملىق ۋە ئىزچىللىقنى ساقلاش. 90 - يىللاردا بىز «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا پەن - تېخنىكىغا تايىنىش، پەن - تېخنىكا خىزمىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلەندۈرۈش لازىم» دېگەن فاڭجېننى داۋاملىق، قەتئىي ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. بۇ كۆز قاراش كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندى. بۇ پەن - تېخنىكا خىزمىتىنىڭ ئاساسىي يېتەكچى يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنى ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىك لازىم. دەرۋەقە يەنە ئەمەلىيەت داۋامىدا يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، مەزمۇنىنى بېيىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر ئۇنداق ياكى مۇنداق قاراشلار بار، شۇنداقلا بىر قىسىم يېڭى مەزمۇنلارمۇ بار، لېكىن ئاساسىي فاڭجېن ئۆزگەرمەيدۇ، ئۆزگىرىپ كەتسە كىشىلەر نېمە قىلىشنى بىلمەي قالىدۇ.

3. پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا.

بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا خىزمىتى يىغىنى ۋە يېقىندا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنىدا پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئىسلاھات ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ. ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا مەلۇم ئىلگىرىلەش بولدى. لېكىن ھازىرقى پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا مەلۇم ئىلگىرىلەش بولدى. لېكىن ھازىرقى پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا مەلۇم ئىلگىرىلەش بولدى. لېكىن ھازىرقى پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى تۈرغۈن جەھەتلەردە پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىلا بوغۇپ قويۇۋاتىدۇ، شۇڭا، ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش بەكمۇ زۆرۈر. ئىسلاھاتنىڭ يادروسى پەن - تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادنى بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى، پەن - تېخنىكىدىن ئىبارەت بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش - بولماسلىقنى ھەق - ناھەقكە، پايدا - زىيانغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ۋە سىياسەت بەلگىلەشنىڭ ئۆلچىمى قىلىش لازىم. دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، دادىل سىناق قىلىپ، ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنى تېخىمۇ تېز يۈكسەلدۈرۈش لازىم.

4. پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا

پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدا ئەڭ ئاچقۇچلۇقى ئىختىساس ئىگىلىرى مەسىلىسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. سوتسىيالىزمنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى 100 مىليونلىغان خەلقنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى، زور تۈركۈمدە پەن - تېخنىكا مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرىنى پىلانلىق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ھەم ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراستىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئالدىمىزدا تۇرغان ئىنتايىن مۇھىم ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە. بۇ يەردە مەن ئىككى نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن: بىرىنچىسى، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش جەھەتتىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، بىر تۈركۈم يېڭى كارخانىچىلارنى يېتىشتۈرۈش لازىم. پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنى قۇرۇشتا مۇشۇنداق ئىختىساس ئىگىلىرى بولۇش لازىم. ئۇلار پەن - تېخنىكا خادىمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كارخانىچى بولۇشى كېرەك. بۇ مەسىلە بىزنىڭ كۈن تەرتىپىمىزگە قويۇلدى. ئىككىنچىسى، ياش پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك.

ھازىر بىزنىڭ پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تەمىناتى بىر قەدەر تۆۋەن. گوۋۇيۈەندىن ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرگىچە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ خىزمەت شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش لازىم، تۆھپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى پىلانلىق مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنىمۇ يولغا قويۇش لازىم. ئىش ھەققى تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تەمىناتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چوڭراق تۆھپە قوشقان پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ھەر خىل

(ئاخىرى 9 - بەتتە)

# ماركسزملق ئايالّلار قارىشى ۋە ئايالّلار ئازادلقى

خەلچەم ئسلام

هەر قانداق جەمئيەتتە ئايالّلارنڭ ئازادلق دەرىجسى جەمئيەتنڭ ئومۇميۈزلۈك ئازادلقىنى ئۆلچەيدىغان بىر تەبئي مزان.

—فروىى

جەمئيتمزدە شۇنچە كۆپ قىز - ئايالّلار هەرىكەتچان ئجاديەت پاراستىنى قوغلشۇاتقان سوتسيالستك زامانۋى ئادەملەرنڭ ئوبرازىنى تۈزىدە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن جدديي ئنتلدۇ. ئەمما، ئەمەلي مەسلەلەرگە بولۇقاندا داۋالغۇپ قالدۇ. رىئال هەرىكەتلەردە باتۇر بولالمايدۇ. قىز - ئايالّلارنڭ ئالغا ئنتلش يولدىكى بۇنداق داۋالغۇشىنى ئۆگىتىپ، سوتسيالستك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنڭ ئاۋانگارتلرىدن بولۇش - بولالماسلىقىقا تەسر كۆرسىتىدىغان بىر مۇنچە ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر بولسمۇ، ئۇلارنڭ ئچىدە ماركسزملق ئايالّلار قارىشى - ئايالّلارنڭ ئازادلقى ئدىيسنى چۈشنىش - چۈشەنمەسلىك ناهايتى زۆرۈر رول ئوينايدۇ. شۇڭا، مەن بۇ ماقالەمدە ئۇلارنڭ ئدىيسىنى تبخمۇ ئازاد قىلش ۋە ئۇلارنڭ ماركسزملق ئايالّلار قارىشنى تىكلشگە ياردەم بېرىش مەقسىتىدە ماركسزملق ئايالّلار قارىشى بلەن ئايالّلار ئازادلقىنڭ مۇناسۋىتى هەققىدىكى يۈزەكى قاراشلرىمنى ئوتتۇرىغا قويمەن.

1

ماركسزملق ئايالّلار قارىشى - ئنسانلار جەمئيىتىدە هازرغا قەدەر بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك ئايالّلار قارىشى ئچىدە ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىلمي قاراش بولۇپ، ئايالّلار مەسلسىنى كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشمىزدىكى ئدىيۋى قورال. ئۇ پۈتكۈل ئايالّلار نەزەرىيسى، ئايالّلار ئازادلق ئەمەلىيتى، جۈملىدىن ئالاهىدىلىكىگە ئىگە ئازادلق هەرىكەتلىرىنىڭ هەممىسىگە سڭىپ قالماستىن، ئۇنىڭ بارلىق ئۇقتىشنەزەرلىرى ئايالّلار ئازادلق هەرىكىتى ئەمەلىيىتىنىڭ ئۆلچىمىدىن سنىلىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئازا يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۇۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. باشلانغۇچ كوممۇنانىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئشلەپچقىرش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجسىدە ئايالّلارنى مەركەز قىلغان ئانىلق تۈزۈمىدىكى جامائەتنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن ئەرلەرنى مەركەز قىلغان ئاتىلق تۈزۈمىدىكى ئائىلە قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ئىككى جىنستىكى كىشلەر باراۋەر ياشىغان ئدى. ئايالّلارنىڭ ئېزىلىشى ئنسانلار تارىخىي تەرەققىياتى بەلگىلىك باسقۇچقا يەتكەندىكى ئجتمائي هادىسە سۈپىتىدە كېيىنچە شەكىللەندى. ئنسانلار جەمئيىتىدە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە سنىپىي قارىمۇ قارشىلق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئايالّلار مال - مۈلۈككە ئىگىدارچىلق قىلىش هوقۇقىدىن مەهرۇم قالدى ۋە ئالىنىڭ قۇلى، ئەرلەرنىڭ باردەمچىسى ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. بۇ خىل هادىسە تارىخىي شارائىتلارنىڭ مەهسۇلى بولغان ئىكەن، ئۇ يەنە يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئۆزگىرىدۇ. ئايالّلارنىڭ يېگىچە ئۇسۇلدا ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇشى مۇقەررەر بولىدۇ.

2. ئايالّلار ئازادلقىنىڭ دەرىجسى جەمئيەتنىڭ ئومۇمىي ئازادلقىنى ئۆلچەيدىغان تەبئي ئۆلچەم بولۇپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان جەمئيەتتە ئايالّلار ئېزىلىش ئورنىدا تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ ئالاهىدە بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى. ئۇ يەردە بۇ خىل هالەت ئجتمائي ئىقتىسادىي تۈزۈم تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بولماستىن، ئجتمائي ئاڭ ئارقىلىق ئنسانلارنىڭ ئىدىيۋى ئۇقتىشنەزەرىگە سىڭگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالّلار ئازادلقى پۈتكۈل ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ ئازادلقى ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن بولىدۇ. شۇڭا، سوتسيالستىك جەمئيەتتە مەدەنىيەتنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىمۇ ئايالغا بولغان مۇناسىۋەت بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

3. ئىجتىمائىي ئەمگەككە قاتنىشىش ئاياللار ئازادلىقىنىڭ بىر مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە ۋە ئائىلىدە ئورنى بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى رولى ئۇنىڭ ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «ئاياللار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ سىرتىغا ئىتتىرىلىپ، ئائىلىدىكى خۇسۇسىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولسا، ئاياللار ئازادلىقى، ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەرلىكى ھازىر ۋە كەلگۈسىدىن ئېيتقاندىمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ»بۇ شەرت پەقەت سوتسىيالىزم تۈزۈمىدىلا ئاندىن ھەقىقىي تولۇق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا، ئاياللارسىز سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ئېلىش، ئەمگەكتە ئايال پىدائىيلىقىنى چۈشىنىپلا قالماي، سوتسىيالىزمنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئەمگەك شارائىتلىرىنى كېڭەيتىشكە ئۆزىنى پىدا قىلىشىنىمۇ بىلىش كېرەك.

4. ئاياللار ئازادلىقى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەريان. ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپلا قالماستىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ماددىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قالماستىن، مەنىۋى مەدەنىيەت دەرىجىسىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ. ئادەم، ئادەمنى ئېزىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، خەلق دۆلەتكە خوجايىن بولىدىغان ھاكىمىيەتنى قۇرۇش - ئاياللار ئازادلىقىنى، ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. لېكىن قانۇندىكى ئەر - ئايال باراۋەرلىكى، ئەمەلىيەتتىكى ئەر - ئايال باراۋەرلىككە يەتكىچە ۋەزىپە ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ.

5. ئاياللار خۇددى ئەرلەردەك ئىنسانلار مەنىۋى مەدەنىيىتىنى ياراتقۇچىلار بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۇلۇغ رول ئوينايدۇ. ئاياللار ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانلار تارىخىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولغۇچىلار، ئىجتىمائىي ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقۇچىلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارمۇ خۇددى ئەرلەردەك باراۋەر كىشىلىك ھۆرمەتكە، ئىنسانىي خىسلەتكە ئىگە بولۇشى، ئوخشاش ھوقۇق ۋە ئورۇنغا ئىگە بولۇشى لازىم.

ئىنقىلابنىڭ تارىخىي ئېقىنىغا قارايدىغان بولساق، ئەسىرلەپ داۋام قىلغان ئۇزاق تارىخىي جەرياندا قان - ياش ۋە دەرد - ئەلەملەر بىلەن تولغان ئاياللار ھاياتى ماركسىزمنىڭ يۇقىرىدىكى قاراشلىرى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن بەخت - سائادەت تەرەپكە يۈزلەندى. مەيلى قەدىمكىي زاماندىكى قۇللار ھەرىكىتى ياكى يېقىنقى زاماندىكى يانچىلار ھەرىكىتىدە بولسۇن ئەرلەر بىلەن ئاياللار بىر سەپتە تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ پىداكارلىق روھىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان تارىخ ئاياغلىشىپ، ئۇلارنىڭ قەدىمكىي ھەم ھازىرقى باتۇرلۇقىنى مەدھىيەلەش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ھۆرمەتلەش باشلاندى. بولۇپمۇ ماركس پارىژ كوممۇناسىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەندە ئاياللار ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۇلار قەدىمكىي زاماندىكى ئاياللارغا ئوخشاش باتۇر، ئالىيجاناب ۋە پىداكار بولدى» دېگەن يۈكسەك باھانى بەرگەندىن كېيىن، دۇنيادىكى ئېزىلگەن ئاياللارنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كۈرەش قىلىشى باشلىنىپ كەتتى.

بۇ ساھەدە چەت ئەللەردە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، ئېلىمىزنى مىسالغا ئالساق، بىزنىڭ جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىدا ئاياللار ئارمىيىسى قۇرۇش، ۋېيشۇ قانۇن ئۆزگەرتىش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن چيۇجىن باشچىلىقىدىكى ئايال پېشۋالار چىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن باتۇرلارچە جەڭ قىلىش، 1911 - يىلى 10 - ئايدا باشلانغان شىنخەي ئىنقىلابىدا چىڭ خاندانلىقىغا قارشى ئاياللار ئارمىيىسى قۇرۇش قاتارلىق ئاشۇنداق كۈرەشلەرنىڭ جۇڭگودىكى دەسلەپكى باشلىنىشلىرى بولدى. 1919 - يىلدىكى «4 - ماي» ھەرىكىتى جەريانىدا بېيجىڭ قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىدىكى قىزلار باشچىلىقىدىكى جۇڭگو قىزلىرى ئوغۇللارغا ئوخشاش جاھانگىرلىككە قارشى تۇغ كۆتۈرۈپ كۈرەش قىلىپلا قالماستىن، مىڭ يىللاپ داۋام قىلغان فېئودالىزمنىڭ سىرتماق ۋە ئاسارەتلىرىنى بۇزۇپ ئۈزۈپ، ئېلىمىزدىكى ئاياللارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن يېڭى ئەسىر ئاچتى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سىياسىي، ھەربىي ئىشلار سەھنىسىدىلا ئەمەس، بەلكى

ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ئاياللار تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلدى. ھازىرقى كۈندە ئىلمىمىزنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە دولقۇنلاپ تۇرغان ئاياللار قوشۇنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدىكى پىداكارلىق روھىي ماركسىزمچە ئاياللار قارىشىنىڭ ئىلمىي ئەمەلىيىتىدىكى ئەنە شۇنداق كۆرۈنۈشلىرىدۇر. بۇ پاكىتلار ئاياللارنىڭ بارلىق ئازادلىق ھەرىكەتلىرىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر قوشۇن ئىكەنلىكىنى ۋە ماركسىزملىق ئاياللار قارىشىنىڭ بۇ قوشۇننى بارلىققا كەلتۈرىدىغان، راۋاجلاندۇرىدىغان ۋە ئۇلارنى كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك باشلايدىغان يېتەكچى ئىدىيە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەر كۈنى ھەر قايسىمىز خىزمەت، تۇرمۇشىمىزغا قارايدىغان بولساقمۇ ئالىم ۋە مازىنىڭ «ئەر ۋە ئايال خۇددى ئىككى مۇلايىم ئاۋازكى، ئىنسان قەلبىدىكى تارىلار ئۇلارسىز ھەقىقىي ۋە تولۇق ئاھاڭ چىقىرالمايدۇ» دېگەن ھۆكۈمىنىڭ دانالىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز ئەمەسمۇ؟

دېمەك، بىزنىڭ ماركسىزملىق ئاياللار قارىشى ـ ماركسىزملىق ئاياللار ئازادلىقى نەزەرىيىسىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى يەكۈنى، ئاياللارنى ۋە ئاياللار مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، ئۇ يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان دۇنياۋى خاراكتېرلىك سوتسىيالىستىك ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتىنىڭ ھەرىكەت ئەگگۈشتەرى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ماركسىزملىق ئاياللار قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇڭگو ئاياللىرى تېخىمۇ كەڭ ئازادلىققا ئېرىشەلەيدۇ دېگەن قاراشتا بولۇشىمىز ماركسىزملىق ئاياللار قارىشىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئاشۇنداق كۆرۈنۈشلىرىگە قاراپ ئېيتىلغان.

2

بىز ھازىر سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە تۇرۇۋاتىمىز. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ماركسىزملىق ئاياللار قارىشى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ كۆپ ئەرەپلىملىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ، بۇنى يىغىپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكىچە:

1) ماركسىزملىق ئاياللار قارىشى ئاياللار ئازادلىقى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئاساس بولغانلىقتىن، سوتسىيالىزمدا ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتى قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتىنىڭ كونكرېتنى ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە ئۇ داۋاملىق مۇھىم رول ئوينايدۇ.

2) ماركسىزملىق ئاياللار قارىشى ئىلمىي بولغان دۇنيا قاراش، ئۇسۇل نەزەرىيىسىنىڭ بىرلىكى بولغانلىقتىن، بىزنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئاياللار ئازادلىقى يولىدا چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىزمنىڭ توغرا نىشانىدا چىڭ تۇرۇش كۈرەشلىرىمىزدە بىزنى توغرا ئۇسۇل ۋە نەزەرىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دېگەن: «بىز ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا قويۇپلا قالماستىن، بەلكى ۋەزىپىنى ئورۇنداشنىڭ ئۇسۇلى مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىشىمىز كېرەك»، «ئۇسۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، ۋەزىپە دېگەن بىلەنمۇ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ». بىزنىڭ ماركسىزملىق ئاياللار قارىشى ئارقىلىق ئاياللار مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشىمىز، ئۇنى ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىسى قىلىشىمىز بىزنىڭ ئىدىيىۋى ئۇسۇلىمىز، تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىمىز، رەھبەرلىك ئۇسۇلىمىز، خىزمەت ئۇسۇلىمىز.

3) ماركسىزملىق ئاياللار قارىشى كوممۇنىستىك روھ ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاياللىرىغا ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تېخىمۇ مۇھىم يېرى شۇكى، ماركسىزملىق ئاياللار قارىشى ئەمگەكچى ئاياللار ئۇزاق جەريانلاردا سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى شارائىتىدا قۇللۇق ئورنىدا تۇرۇپلا قالماي، تاكى ھازىرغىچە ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا ئېگىشلىك بولمىغان بېسىمغا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، ئۇلار ئىنقىلابتا ئالاھىدە ئۈزۈل ـ كېسىل بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ ئورنىدىن تۇرغان كۈنى، ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قىلغان كۈنى بولىدۇ» دېگەن ھۆكۈمىنى چىقارغانلىقى ئەنە شۇنداق ئىدىيىنىڭ جۇڭگودىكى قانات يېيىشى بولۇپ، ئۇ ئاياللارنىڭ ئىنقىلابتىكى ئاشۇنداق

ئۈززۈل ـ كېسەللىكى ۋە ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئائىلىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدىغان ئۇلۇغ كۈچ ئىكەنلىكىنى تونۇشىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ـ دە، شۇ ئارقىلىق ئاياللار ئازادلىقىنىڭ دەرىجىسىنى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئازاد بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان مىزان قىلىپ، ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە ئىلمىي تەجرىبىگە ئومۇمىيۈزلۈك قاتناشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر خىل يامان ئىدىيىلەرنىڭ ئۇز جەمئىيەتنى تەربىيىلەۋاتقان يېرىم دۇنياغا سەل قارايدىغان تەتۈرلىكىگە ئۈززۈل ـ كېسەل قارشى تۇرالايمىز.

3

جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە جەمئىيەتتە كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ماركسىزملىق ئاياللار قارىشىنىڭ ئاياللار ئازادلىقى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى بىر ئىلمىي ھەقىقەت بولۇپ، ئۇ زامانىمىزدىكى تۈرلۈك نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرى ئالدىدا يېڭىلمەستۇر. بىز پۈتكۈل تارىختىكى جانلىق پاكىتلارنى دۆۋىلەشنى ئاساس قىلماي، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ قانۇنلۇق ھەرىكەتلىرىگە قاراپ باقايلى.

ئالدى بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئالايلۇق، ھازىرقى زامان سىستېما نەزەرىيىسى بويىچە قارىغاندا، جەمئىيەت ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ بىرلىكىدىن تەركىب تاپقان چوڭ سىستېما، شۇڭا، ئەرلەر بىلەن ئاياللار بىرلىكتە ئازاد بولغاندىلا ئۇ جەمئىيەت ئومۇمىيۈزلۈك ئازاد بولالايدۇ. ناۋادا، بىر جەمئىيەت ئەرلەر پائالىيىتىنى قوللاپ ئاياللىرىنى ئاسارەتتە قويسا ياكى ئۇلارنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن چەتكە قاقسا، ئۇ جەمئىيەتتە ئىستىبداتلىق، زالىملىق، ۋەھشىيلىك، قەبىھلىكنىڭ سورۇنى چوڭ بولىدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن بۇ جەمئىيەتتىن ھەقىقىي مېھرى ـ شەپقەت، ۋاپادارلىق كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە گەرچە ئەرلەر ئۆزىنى ماختاپ يۈرسىمۇ، گويا مېڭىسىگە قان چۈشۈپ يېرىم پالەچ بولۇپ قالغان ئادەمدەك يېرىم «ئازاد» يېرىم بېكىنمىلىك ھالەتتە تۇرۇپ قالىدۇ. مەيلى قانداق نەيرەڭ گەپلەرنى قىلغان بىلەنمۇ ئائىلىسىنىڭ يېرىمىنى قوزغىيالمىغان ۋە تولۇق ئازاد قىلالمىغان بۇنداق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولىدۇ. بىر ئائىلىدە كەشتىچى قىزنى تاشلىۋېتىپ كەتمەنچى ئەرنى ئەتىۋارلاشنى تەشەببۇس قىلغاندەك كۈلكىلىك بولغان بۇنداق بىر تەرەپلىمىلىكنى ئويلىغاندا، ماركسىزملىق ئاياللار قارىشىنىڭ دانالىقىغا قايىل بولىدىغانسىز؟

ئىككىنچىدىن، شەخسىي ئادەملەرنى مىسالغا ئالايلۇق، بىر ئادەم جىنسىي ئوخشاشمايدىغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرىكىشىدىن مەيدانغا كەلگەن ھاسىلات بولۇپ، بۇ ئادەملەرنىڭ بىرسى يەنە بىرسىنى تولۇقلاش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇنداق تەبىئىلىك ئەرلەرنى ئەزىزلەپ، ئاياللارنى خورلاشقا قارشى مىزان بولۇپ، ئەر بىلەن ئايال بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش ئېلىپ بارالمايدىكەن، ھەر قانداق ئادەم مەۋجۇت بولالمايدۇ، ئەتراپلىق تەربىيىگە ئىگە بولالمايدۇ، تەكەممۇل ئادەم بولالمايدۇ. جەمئىيەت شەخسلەردىن تەركىب تاپقاچقا، ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىك تۈپەيلى تەكەممۇل بولالمىغان ئادەملەردىن تەركىب تاپقان جەمئىيەتمۇ ئۈززۈل ـ كېسەل ئازاد بولالمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا رۇس يازغۇچىسى گوركى، سوتسىيالىزمدا رۇسلارنىڭ تىز تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئاياللارغا باغلاپ تۇرۇپ: «ئۇز ئايالىڭ، گۈزەل رۇس ئايالىنى ھۆرمەت قىل، ئۇ ئارقىلىق ئىنسانىي، رۇس يېرىنى گۈللەنىشتەك مۇشەققەتلىك يولدىكى دوستۇڭنى سۆيۈشنى ئۆگەن» دېگەن. بىزمۇ زور مىللىي تەرەققىيات ئۈچۈن شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟ مۇشۇلارنى ئويلىغاندا، ماركسىزملىق ئاياللار قارىشىنىڭ ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشىنىڭ توغرىلىقىدىن، يۈكسەك تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇشىمىزدا ماياك بولىدىغان ئىلمىي ھەقىقەت ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايدىغانسىز؟

ئۈچىنچىدىن، پرولېتارىياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئازادلىقىنى مىسالغا ئالايلۇق، ئەمگەكچى ئاياللار پرولېتارىياتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ياكى ئۇنىڭ زاپاس ئارمىيىسى بولۇپ، ئاياللار مەسىلىسى ئەزەلدىن سىنىپىي مەسىلە ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەلدى. ئاياللار ئازادلىقى كۈرىشى دېگىنىمىز ـ ئېكسپىلاتاتسىيىگە، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش بولغانلىقتىن، ئۇ مۇقەررەر ھالدا پرولېتارىيات ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم

تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ ئازادلىقىمۇ پرولېتارىياتنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەكسىچە، پرولېتارىياتمۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزىنى ئازاد قىلالايدۇ، بۇنداق ئازادلىق مۇقەررەر ھالدا ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك: «پرولېتارىيات ئەگەر ئاياللارنىڭ تولۇق ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرمەيدىكەن، ئۆزىنىڭ تولۇق ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ». قەيەردە ئاياللار ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشىشكە باشلايدىكەن، شۇ يەردە «ھەقىقىي كوممۇنىزم» باشلىنىدۇ. شۇڭا، ئاياللار ئازادلىقى پرولېتارىياتنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئۆقتا.

يۇقىرىدىكى ئۈچ ئۆقتىدىن مەلۇمكى، ماركسىزملىق ئاياللار قارىشى ئاياللار ئازادلىقىنى يادرو قىلغان ھالدا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنى ھەممە ئادەمنىڭ قولغا ئېلىش ياكى ئالماسلىقى بۇگۈنكى كۈندە مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەتسىزلىكنى، تەرەققىيات تەرىپىدە تۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇشنى ئايرىپلا قالماستىن، ھەر بىر ئادەمنىڭ جىڭ ياكى جا ماركسىزمچى ئىكەنلىكىنىمۇ ئايرىيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى ئىگىلەش ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان، مەدەنىيەتلىك بىر ئەۋلاد تەربىيلەشنىڭ ئىدىيۋى قورالى بولۇپلا قالماستىن، ئاياللاردىكى ئەمەلىي مەسىلەر ئالدىدا تېگىرقايدىغان، ئەمەلىي ھەرىكەتلەردە دادىل بولالمايدىغان ئىللەتلەرنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتچان ئىجادىيەت پاراسىتىنى قوغلىشىدىغان زامانىۋى ئادەملەرگە ئايلىنىشىدىمۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولىدۇ. شۇڭا، تەرەققىياتنى، سوتسىيالىزمنى، كوممۇنىزمنى ياقلايمەن دېگەن ھەر بىر كىشى ماركسىزملىق ئاياللار قارىشىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئاياللار ئازادلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردىن بولۇشى كېرەك. ئىنقىلاب يولىدا دىلغۇل بولغان ئاياللار ياكى ئىنقىلاب يولىدا بىر قىزىپ، بىر سوۋۇپ قالىدىغان ئاياللار ئۆزىدىكى نورمالسىزلىقنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، ماركسىزملىق ئاياللار قارىشىدىن ئىبارەت بۇ قورالنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشى ۋە قولغا ئېلىشى، ئەرلەرمۇ جەمئىيەتنىڭ تولۇق ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئاياللار ئازادلىقىدىن ئىبارەت تەبىئىي مىزاننى ئۆلچەم قىلغان ھالدا سۈزۈلىشى ۋە ئىشلىشى كېرەك.

═══════════════════════════════

(بېشى 4 - بەتتە)

شەكىلدە مۇكاپاتلاش لازىم. بۇ ئىشنى مەركەز ئىشلەپلا قالماستىن، يەرلىك ئورۇنلارمۇ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۈنۈمىمۇ ياخشى بولۇۋاتىدۇ.

5. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپ تەرەققىيات رايونلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدا

يۇقىرى، يېڭى پەن - تېخنىكا — ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا رىقابىتى ۋە ئىقتىسادىي رىقابەتنىڭ يۇقىرى پەللىسى. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپ تەرەققىيات رايونلىرىنى قۇرۇش بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىز. بۇلتۇر دۆلەت يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپ تەرەققىيات رايونلىرىدىن 27 نى قۇرۇشنى تەستىقلىغانىدى، بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «يۇقىرى پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، كەسىپلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» ئىدىيىسىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر.

ئاخىرىدا لى پېڭ مۇنداق دېدى: ھازىر ئېلىمىزنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى. تەرەققىيات رايونى يېڭى شەيئى، يېڭى ئىشلارنى يېڭىچە بېجىرىشكە توغرا كېلىدۇ. يېڭى مېخانىزم، يېڭى تۈزۈمنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىش لازىم. تەرەققىيات رايونى ئىچىدە چاي ھەسسىدارلىق تۈزۈمنى دادىل سىناق قىلىپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىدىغان تەقسىمات تۈزۈمى، كادىرلار تۈزۈمى، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا، تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەشكە بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، كېڭەيتىش كېرەك؛ مەغلۇپ بولسا، داۋاملىق ئىزدىنىپ ئالغا بېسىش كېرەك.

# تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى

چېن داخۇا

يولداش جياڭ زېمىن «1 ـ ئىيۇل» نۇتقىدا «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ۋە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى ئېلىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا، قۇرۇلۇشىمىز ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشىمىزگە رېئال تەھدىت پەيدا قىلدى» دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىزدىن: «دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن مۇداپىئە قىلىدىغان پولات ئىستىھكام قۇرۇش»نى تەلەپ قىلدى. بۇ، بىزنىڭ يۈكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستلىرىنى مەغلۇب قىلىشىمىزدا ناھايىتى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، كاپىتالىزمنىڭ دۇنياغا يالغۇز چات كىرىۋالىدىغان ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، كاپىتالىزمنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدىغان قىلىپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قارىتا، ئاغدۇرمىچىلىق يۈرگۈزۈپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى يوقىتىپ، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ماركسىزم ئېڭىنى سىقىپ چىقىرىپ، كاپىتالىزمنىڭ يەر شارىغا يەككە خوجا بولۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ـ كاپىتالىزم ستراتېگىيىسىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن، بىزنىڭ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ئۇلارنىڭ تىنچ زگەرتىۋېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىكى ئاساسلىق نىشان بولۇپ قالدى ـ دە، بىز رېئال تەھدىتكە ئۇچرىدۇق. شۇڭلا ز ھەر بىر كادىردا سەگەك تونۇش بولۇشى كېرەك. يولداش جياڭ زېمىننىڭ «1 ـ ئىيۇل» نۇتقىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى سىياسىي قاراش تۇرغۇزۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى مەغلۇب قىلىش ئاڭلىقلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتا ئىشلەيدىغان خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ، ئەلۋەتتە. ئىدىيە، سىياسىي، تەشكىلىي قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەردە ھەقىقىي ئۈنۈملۈك بولغان مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ھالبۇكى، خەلق ئىگىلىكىنى تېزلىك بىلەن يۈكسەلدۈرۈپ، مەۋقەنى ئۆز ئاساسىمىزنى مۇستەھكەملەشكە قويۇش بىر مۇھىم كاپالەت. بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، پەقەت خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرگەندىلا، ئاندىن دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشتىكى ماددىي ۋاسىتىلىرىنى مەھرۇم قالدۇرۇشقا بولىدۇ، كاپىتالىستىك دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشتە ئىشقا سالىدىغان ۋاسىتىلىرى كۆپ خىل ۋە رەزىل بولىدۇ. ئەمما يىغىنچاقلىغاندا، ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى تەرەپتە بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ۋە پەن ـ تېخنىكىدىكى ئۈستۈنلۈكىنى ماددىي قورال قىلىپ، قۇتقۇزۇش بىلەن بېسىم ئىشلىتىشنى بىرلىكتە ئىشقا سالىدىغان دەسمايە ئارقىلىق سىياسىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇلار ئارقىلىق، غەربنىڭ مەدەنىيەتلىك تۈزۈمىنى تەرغىب قىلىدۇ. كاپىتالىستىك دۈشمەن كۈچلەر شۇنىڭ ئۈچۈن ماددىي ۋاسىتىلارنى ئىشقا سېلىپ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇكى، ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە نىسبىي ھالدا ئۈستۈنلۈككە ئىگە. گەرچە ئۇلارنىڭ «باي»لىقى ئاساسەن تارىختىكى تالان ـ تاراج قىلىشقا تايىنىشتىن، نۆۋەتتىكى ئىچكى ـ تاشقى ئېكسپىلاتاتسىيىگە تايىنىشتىن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن پۇل چىقىرىپ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ئۈچۈن «دوست» تارتىشىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىشقا سالىدىغان ماددىي ۋاسىتىلار تەرىپىدىن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر سەۋەب، بۇ دۆلەتلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە نىسبىي ھالدا نامرات ياكى ئىقتىسادىي كرىزىس پەيدا بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن

كاپىتالستك دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۈيىقەستىنى مەغلۇب قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن چوقۇم خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش لازىم. چۈنكى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ياخشىلانسا، ماددىي ئاساسى كۈچلۈك بولسا، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى كۈچەيتىلسە، كۈچ - جاسارەتكە تولۇپ، كاپىتالستك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي باردىمىگە تايانماي، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي جازالىرىغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ماددىي ۋاستىلارنى ئىشقا سېلىپ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۈيىقەستى كۆپۈكتەك يوققا چىقىدۇ، خالاس.

ئىككىنچى، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرگەندىلا، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايەندە قىلغىلى بولىدۇ. ماركسىزم بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇدىكى، بىر خىل يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈم ئۆ ئۆزى ئورتۇرىغا دەسسىگەن كونا تۈزۈمگە قارىغاندا ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇشتا، ئەڭ ئاساسلىقى ئۆ كونا تۈزۈمگە قارىغاندا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئىجاد قىلىدۇ. كاپىتالستك تۈزۈمنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەۋزەل بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ، سوتسىيالىستك تۈزۈمنىڭ كاپىتالستك تۈزۈمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەۋزەل بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. لېنىن ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى: «ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى، ئېنىگى - ئەكتىدىن ئېيتقاندا، يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسلىق نەرسە، كاپىتالستك تۈزۈم يانچىلىق تۈزۈمدە بولۇپ باقمىغان ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ياراتتى، كاپىتالستك تۈزۈممۇ ئۆزۈل-كېسىل مەغلۇب قىلىنىدۇ، بەلكى چوقۇم ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇب قىلىنىدۇ، چۈنكى سوتسىيالىزم يېڭى، يۇقىرى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى بەرپا قىلالايدۇ». بىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئەۋزەل دېگىنىمىزدە، ئەڭ ئاساسلىقى ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى كاپىتالستك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى دەسسەپ، ئەمگەكنى قاراپ تەقسىم قىلىش ۋە پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇپ، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشقا ماسلىشىپ، كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى غايەت زور دەرىجىدە ئازاد قىلىشنى كۆزدە تۇتىمىز، لېكىن بىز دېگەن سوتسىيالىستك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى ئابستراكت بولماستىن، بەلكى كونكرېت، رېئال بولىدۇ. ئەگەر بىز ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرەلمەي، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ئۆزلۈكسىز ئۆسۈۋەرمەي، كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىگە ئىشىنىشى ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ. شۇڭلاشقا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «سوتسىيالىستك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش ئېنىگى - ئەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى پەيدىنپەي ياخشىلاش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادنى تېزلىك بىلەن يۈكسەلدۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈدىغانلا بولساق، سوتسىيالىستك تۈزۈمنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكى ۋە كۈچلۈك ھاياتىي كۈچى ئاندىن نامايەندە بولىدۇ ۋە جارى قىلدۇرۇلىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن كەڭ خەلقنىڭ سوتسىيالىستك تۈزۈمگە بولغان جەلپ قىلىش كۈچى ۋە يېغىلىش كۈچى ئېشىپ، ئاڭلىق ھالدا سوتسىيالىزمدا مېڭىپ، ئاڭلىق ھالدا تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنى توسىيالايدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرالايدۇ.

ئۈچىنچى، پەقەت ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرگەندىلا، ئاندىن كەڭ خەلقنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان ئەقىدىسى (ئىشەنچىسى) نى قەتئىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسى شۇنىڭ ئۈچۈن كومپارتىيىنى قىزغىن سۆيۈپ ھىمايە قىلىدۇكى، كومپارتىيە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىپ، خەلقنى بەختلىك تۇرمۇش كۆچۈرتەلەيدىكى ئۈچۈندۇر. كەڭ خەلق ئاممىسى شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىستك تۈزۈمنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدۇكى، سوتسىيالىزم يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بەرپا قىلىپ، خەلقنىڭ كۈندىن -

كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرالايدۇ. ئەگەر بىز ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرەلمەي، نامرات، قالاقلىق ھالەت ئۆزلۈكىچە ئۆزگەرتەلمەي كېتىۋەرسەك، سوتسىيالىستىك تۈزۈم خەلقنىڭ نەزىرىدە ئۆز ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى ئاجىزلاپ، بەزى كىشىلەردە سوتسىيالىزمغا قارىتا ئىسەنكىرەپ قېلىش، كاپىتالىزمغا قارىتا چوقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ - دە، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىمۇ ئاسانلا يامراپ كېتىدۇ. بۇ دەل تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ئېلىپ بارىدىغان دۈشمەن كۈچلەرگە قارىتا، ئىدىيە جەھەتتە، پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپ، قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي ماددىي، مەدەنىيەت ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ھەل قىلىش لازىم. بۇ بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مەقسىتىنىڭ دەل ئۆزى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئەقىدىسىنى قەتئىيلەشتۈرۈشنىڭ دەل ئۆزىدۇر. شۇڭلاشقا، پەقەت دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ياخشى ئېلىپ بېرىلىپ، كۈچلۈك ماددىي ئاساس ھازىرلىنىپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەدەنىيەت ئېھتىياجى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرۇلسا، ئاندىن كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئىدىيە جەھەتتە تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشتىن مۇداپىئەلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغان پولات ئىستىھكام قۇرغىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، پەقەت ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرگەندىلا، ئاندىن ئۆزىنى مۇقىم قىلغىلى بولىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى: «تاشقى ئامىل ئۆزگىرىشنىڭ شەرتى، ئىچكى ئامىل ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسى، تاشقى ئامىل ئىچكى ئامىل ئارقىلىق رول ئوينايدۇ». تارىخىي ۋە رېئال ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۆزگىرىپ كېتىش - كەتمەسلىكتىكى ئاچقۇچ ئۆزىمىزدە، كاپىتالىستىك دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستى خېلى بۇرۇنلا بار ئىدى، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى نېمە ئۈچۈن بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە ئىشقا ئېشىپ، بەزى دۆلەتلەردە ئاشمىدى؟ ئاساسلىقى شۇ دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدىن بولغان. ئۇ دۆلەتلەردە ئىچكى زىددىيەت كۆپىيىپ، كرىزىس ھەممە يەرنى قاپلاپ، ئورگانىزم ئاجىزلاپ كەتكەچكە، ئازراق سوغۇق ئۆتكەن ھامان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان، ئازراق شامال تەگسە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەردىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ قايسىسى مۇشۇنداق بولمىغان؟ بۇ دۆلەتلەردە ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بېرىپ، پۇل پاخاللىشىپ، تاۋار كەم بولغاچقا، زاۋۇتلار مائاش تارقىتالمىغان، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئازلاپ كەتكەن، خەلق ئاچ - يالىڭاچلىقتا قېلىپ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر كۆپىيىپ كەتكەچكە، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ داۋالغۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا كاپىتالىستىك دۈشمەن كۈچلەر تىنچ «ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىنى بولغا قويۇپ، تېزلا ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت ئىچىدە ئالدى بىلەن چوقۇم تىنچ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت بولۇشى لازىم، جەمئىيەتنىڭ تىنچ بولۇشى «ئىگىلىكنىڭ مۇقىملىقىدىن كېلىدۇ. چۈنكى ئىقتىساد مۇقىم بولسا، جەمئىيەتمۇ مۇقىم بولىدۇ. ئىقتىسادنىڭ مۇقىم بولۇشى — سىياسىي مۇقىملىقنىڭ ئاساسىدۇر. شۇڭلاشقا، پەقەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش ئىدىيىسىنى پۇختا تىكلەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تىرىشىپ ياخشى ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنى مۇقىم قىلغىلى بولىدۇ. «بوران - چاپقۇنغا قارىماي، مۇقىم ئولتۇرۇپ بېلىق تۇتۇش» بىلەن، كاپىتالىستىك دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىنى مەغلۇب قىلىش لازىم.

شۇڭلاشقا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە ئۆه ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، پۇختا ماددىي، تېخنىكا ئاساسى سېلىش لازىم. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئاساسىي ۋەزىپىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ۋە تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئۇتتۇرۇپ قويماسلىقىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى! (مەتمىن سادىق تەرجىمىسى)

# ماۋزېدۇڭنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش .

نىزام ئىسمايىل

ئۇۋەتتە، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم، ماركسىزم بىلەن غەيرىي ماركسىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىدېئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئاساسىي شەكلى ۋە مۇھىم ئىپادىسى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە تەتۈرىسىگە قاراپ يۈز بەرگەن جىددىي ئۆزگىرىشلەر تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى بىتچىت قىلىشنى ئېلىمىزگە نىسبەتەن جىددىي ۋە تەخىرسىز ۋەزىپە قىلىپ قويدى. مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، ماۋزېدۇڭنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى قايتا ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم نەزەرىيۋى ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

چۈنكى، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى تارىخىدا، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىنى ئۇنىڭجى قېتىم ئېنىق تونۇغان پارتىيىمىز ئىچىدە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى جاھانگىرلارنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىنى ئۇنىجى قېتىم پاش قىلغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئادەم — ماۋزېدۇڭ ئىدى. ئۇ، خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى بىتچىت قىلىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا بىر يۈرۈش تەدبىر ۋە نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار—ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىگە قوشۇلغان مۇھىم تۆھپە، بىزنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى بىتچىت قىلىش توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە ستراتېگىيىمىزنىڭ مەنبەسى. مەن بۇ ماقالىدا ماۋزېدۇڭنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ بىر نەچچە مەزمۇنى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، خام خىياللارنى تاشلاپ، ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىشقا تەييار تۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيە

«ئامېرىكا پۇل ۋە مىلتىق چىقارغان، جياڭجېشى ئادەم چىقىرىپ ئامېرىكا ئۈچۈن تۇرۇش قىلىپ، جۇڭگولۇقلارنى قىرغان، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونى ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرماقچى بولغان ئۇرۇش» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 4 ـ توم 692 ـ بەت) پۈتۈنلەي مەغلۇب بولۇش ھارپىسىدا، ماۋزېدۇڭ ئامېرىكىنىڭ يېڭى جۇڭگوغا قاراتقان يېڭى ستراتېگىيىسىنى ۋە جۇڭگودىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خەلق جۇڭگوسىغا باراۋەرلىك، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىدۇ، پاراكەندىلىك سېلىش ئىشلىرىنى ئىككىنچى قىلمايدۇ، دەيدىغان خام خىياللاردا بولۇۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، كىشىلەرنى خام خىياللارنى تاشلاپ، ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىشقا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى باشچىلىقىدىكى سوتسىيالىزمغا قارشى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سەگەك كۆرۈش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىدىن ھوشيار بولۇشقا چاقىردى ۋە مۇنداق بىر ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئوتتۇرىغا قويدى: «پاراكەندىچىلىك سېلىش، مەغلۇب بولۇش، يەنە پاراكەندىچىلىك سېلىش، يەنە مەغلۇب بولۇش، ئاخىرى بېرىپ ھالاك بولۇش ـ بۇ جاھانگىرلارنىڭ ۋە دۇنيادىكى بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ خەلق ئىشلىرىغا قوللىنىدىغان مەنتىقىسى، ئۇلار بۇ مەنتىقىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ. بۇ ـ ماركسىزمنىڭ بىر قانۇنىيىتى»، «كۈرەش قىلىش، مەغلۇب بولۇش، يەنە كۈرەش قىلىش، يەنە مەغلۇب بولۇش، يەنە كۈرەش قىلىش ئاخىرى بېرىپ غەلىبە قازىنىش ـ بۇ خەلقنىڭ مەنتىقىسى، ئۇلارمۇ بۇ مەنتىقىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ. بۇ ـ ماركسىزمنىڭ يەنە بىر قانۇنىيىتى» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 4 ـ توم، 683 ـ، 684 ـ بەتلەر).

ماۋزېدۇڭنىڭ خام خىياللارنى تاشلاپ، ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى ئۆز ۋاقتىدىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرمۇ ئىنتايىن مۇھىم نەزەرىيۋى ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، ھازىرمۇ بەزى كىشىلەر ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى جاھانگىرلارنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قاراتقان تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەي، ئۇلارنىڭ «كىشىلىك ھوقۇقى دىپلوماتىيىسى» نىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان سىياسىي مۇددىئاسىنى كۆرمەي، ئۇلارغا نىسبەتەن تۈرلۈك خام خىياللاردا بولماقتا.

ئىككىنچى، بۇرژۇئازىيىنىڭ «شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى» نىڭ چىرىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىكى ئىدىيە

يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب پۈتۈن مەملىكەت بويىچە غەلىبە قىلىش ھارپىسىدا، ماۋزېدۇڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكى تىنچ ئۆزگەرتىش ستراتېگىيىسىنى قەيەردىن چىقىرىۋاتقانلىقىنى، ئۇمىدىنى «جۇڭگودىكى دېموكراتىك شەخسىيەتچىلەر» ۋە چىرىگەن ئۇنسۇرلارغا باغلاۋاتقانلىقىنى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە جياڭ جيېشى بىلەن بولىدىغان كۈرەشنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدېئولوگىيە، دىپلوماتىيە قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇزاق مۇددەت، كەسكىن داۋام قىلىدىغانلىقىنى، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى پارتىيە ئىچىدە چىرىگەن ئۇنسۇرلارنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىنلىكىنى، كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا غەلىبىنى مۇستەھكەملەش ياكى مۇستەھكەملىيەلمەسلىك، پۈت تىرەپ تۇرۇش ياكى تۇرالماسلىق ئاساسەن پارتىينىڭ ۋە پارتىينىڭ كادىرلىرىنىڭ ساپلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، پۈتۈن پارتىيە ئالدىغا بۇرژۇئازىيىنىڭ «شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى» نىڭ چىرىتىشىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى قويدى ۋە بۇ ھەقتە بىر يۈرۈش نەزەرىيەلەرنى ياراتتى. بىر چاغدا ماۋزېدۇڭ مەسىلىنى ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسىگە قارشى تۇرۇش نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن «شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى»، ماھىيەتتە، ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسى مەسىلىسى، «شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى» نىڭ چىرىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسى، ماھىيەتتە، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ سىنىقىغا، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىش مەسىلىسى ئىدى. كېيىنكى پاكىتلار، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە يۈز بەرگەن جىددىي ئۆزگىرىش، شۇنىڭدەك پارتىيىمىز ئىچىدە پەيدا بولغان چىرىكلىك ھادىسىلىرى ۋە بەزى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇش پىكىر ئېقىمىنى تارقىتىشى ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ ھۆكۈمىنىڭ تامامەن توغرىلىقىنى، ئۇنىڭ ھازىرمۇ ئىنتايىن مۇھىم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئۈچىنچى، پارتىيە ئىچىدىن، بولۇپمۇ پارتىينىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىن شيۇجېگجۇيى چىقىشتىن ھوشيار بولۇش توغرىسىدىكى ئىدىيە

ئەينى ۋاقىتتا ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان شيۇجېگجۇيىنىڭ ئېنىق مەنىسىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىسىمۇ، لېكىن ماۋزېدۇڭنىڭ پارتىيە ئىچىدىن، بولۇپمۇ پارتىينىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىن شيۇجېگجۇيى چىقىشتىن ھوشيار بولۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى ئىنتايىن مۇھىم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ماۋزېدۇڭ پارتىيە ئىچىدىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىن شيۇجېگجۇيى چىقىشتىن ھوشيار بولۇش توغرىسىدىكى مەسىلىنى قۇرۇق - قۇرۇقتىن ئوتتۇرىغا قويماستىن، بەلكى ئۆز ۋاقتىدا خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە يۈز بەرگەن بەزى ھادىسىلەرنى ۋە پارتىيىمىز ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بەزى ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ ئوتتۇرىغا قويغان، ئادەتتىكى مەسىلە قاتارىدا ئوتتۇرىغا قويماستىن، بەلكى زور ستراتېگىيىلىك مەسىلە، ئىنتايىن مۇھىم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي مەسىلە قاتارىدا ئوتتۇرىغا قويغان.

ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىغا ئاساسلانغاندا، تاشقى سەۋەب ھامان ئىچكى سەۋەب ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. جاھانگىر

دۆلەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قاراتقان تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسى تاشقى سەۋەب، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىش - ئاشماسلىقى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. بۇ ئامىللار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىقى مەسىلىسى. ماۋزېدۇڭ بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر تونۇغان ھالدا پارتىيە ئىچىدىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىن شيۇ جېڭجۇيى چىقىشتىن ھوشيار بولۇش مەسىلىسىنى تەكرار ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە بۇ مەسىلىنى تەكرار تەكىتلىدى. 1965 - يىلى 8 - ئايدىكى بىر قېتىملىق سۆھبەتتە تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: رەھبەرلەر، رەھبەرلىك قاتلىمى ئىنتايىن مۇھىم، رەھبەرلىك ئۆزگەرسە، پۈتۈن دۆلەتنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. پاكىتلار بۇنىڭ جۇڭگو ئۈچۈنمۇ، چەت ئەل ئۈچۈنمۇ، ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ ئورتاق ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەگەر پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى ماركسىزمدا چىڭ تۇرماي، قانداقتۇر ماركسىزمنى ئۆزگەرتىش بىلەن شۇغۇللانسا، دېموكراتىك سوتسىيالىزم، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش دېگەنلەر بىلەن شۇغۇللانسا، ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرگە ھەمنەپەس بولۇپ قېلىپ، پارتىيىنىڭ سۈپىتىنى، دۆلەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتىپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا شەرت ھازىرلاپ بېرىدۇ، ئۆزلىرى ماھىيەتتە سوتسىيالىزمنىڭ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ گۆركارىغا ئايلىنىدۇ.

ماۋزېدۇڭ ئاتالغۇ تەلىماتلىرى بويىچە ھازىرقى ئەھۋاللارغا قارايدىغان بولساق، ئۆۋەتتە خەلقئارا ۋەزىيەت جىددىي ئۆزگەرمەكتە. سوتسىيالىزم تۆۋەن دولقۇندا تۇرۇۋاتىدۇ. سوتسىيالىزمغا قارشى دۈشمەن كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قاراتقان تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەممە ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئوخشاش بولمىغان سىياسىي كۆز قاراشتىكىلەرنى، كوممۇنىستىك پارتىيە ئىچىدىن غەربپەرەس گۇرۇھلارنى يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ. دېموكراتىك سوتسىيالىزم پىكىر ئېقىمى ۋە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار «سوتسىيالىزم مەغلۇب بولدى»، «ماركسىزمنىڭ ۋاقتى ئۆتتى»، «كوممۇنىزمنىڭ ئۆلۈم سىگنالى چېلىندى» دېگەندەك سەپسەتىلەرنى بازارغا سېلىپ، غەربنىڭ دېموكراتىيىسى، ئەركىنلىكى، كىشىلىك ھوقۇقى ۋە قىممەت قارىشىنى كۆچەپ تەرغىپ قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىنى، ئىشەنچىسىنى تەۋرىتىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، پارتىيە ئىچىدىن بولۇپمۇ ئۇنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىن شيۇجېڭجۇيى چىقىشتىن، خىلمۇ خىل جىڭجۇيىچىلارنىڭ چىقىشىدىن ھوشيار بولۇش تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈچىنچى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيە

ماۋزېدۇڭ ئەينى ۋاقىتتا، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئېلىمىزنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشتە، ئۈمىدىنى 3 - ، 4 - ئەۋلادقا قارىتىۋاتقانلىقىنى ھەمدە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە ۋە پارتىيىمىز ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بەزى ھادىسىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، پۈتۈن پارتىيە ئالدىغا ياشلارنى تەربىيىلەش، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مىليونلىغان ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى قويغانىدى. پارتىيىمىز ماۋزېدۇڭنىڭ تەلىماتىغا ئاساسەن، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر بىلەن تەمىن ئېتىپ ماڭغانلىقتىن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا باسماقتا. بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى چىڭ تۇتۇلمىغانلىقى ۋە ياخشى ھەل قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، پارتىيە ئىچىدە ئۆكتىچىلەر پەيدا بولۇپ ھوقۇقنى تارتىۋالدى ھەمدە سوتسىيالىزمنىڭ ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ گۆركارىغا ئايلاندى. بۇ سېلىشتۇرمىدىن ماۋزېدۇڭنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەش ۋە

يېتىشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

### بەشىنچى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشنى ئۇزاق مۇددەت قانات يايدۇرۇشنى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇتۇشنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئالدىنقى سەپ جەڭ مەيدانى قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيە

ماۋزېدۇڭ سىنىپىي كۈرەش تارىخىنى، جۈملىدىن ماركسىزم بىلەن غەيرىي ماركسىزم ئوتتۇرىسىدىكى، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تارىخىنى يەكۈنلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «بىرەر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ھامان جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشقا، ھامان ئالدى بىلەن ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنقىلابىي سىنىپ شۇنداق قىلىدۇ، ئەكسىلئىنقىلابىي سىنىپمۇ شۇنداق قىلىدۇ» بىز ماركسىزم بىلەن غەيرىي ماكسىزم، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تارىخىغا نەزەر سالساق، ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ داۋلىنىڭ جۇڭگو ئۈچۈنمۇ، چەت ئەل ئۈچۈنمۇ، ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ ئورتاق ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالىمىز. ماركسىزم بارلىققا كەلگەن، بولۇپمۇ سوتسىيالىزم نەزەرىيىدىن ئەمەلىيەتكە ئايلانغاندىن باشلاپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسى ماركسىزم بىلەن غەيرىي ماركسىزم، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ تۈگۈنىگە ئايلانغانىدى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى جاھانگىرلار سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قاراتقان تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسىنى قەپەزدىن چىقارغاندىن كېيىن، ئىدېئولوگىيە ساھەسى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سەپ جەڭ مەيدانىغا ئايلاندى. بۇ جەريانلاردىكى سانسىزلىغان پاكىتلار ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىنىڭ تامامەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەمەلىيەتكە قارايدىغان بولساقمۇ، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئېلىمىزدە ئاللىبۇرۇن ئورنىتىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش زادىلا توختاپ قالمىدى. ئىلگىرىكىنى سۆزلىمەيلى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئەھۋالنى ئالساق، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ھۇجۇمى زادىلا توختاپ باقمىدى، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ پسىخىك ھۇجۇمى زادىلا توختاپ باقمىدى. بىز ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشنى ئاكتىپلىق قانات يايدۇرۇپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي چىڭ تۇتقان ۋاقتىمىزدا ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشنى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى بوشاشتۇرۇپ قويغان ۋاقتىمىزدا، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى يامراپ كېتىپ، ئىشلىرىمىزنى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتتى. بۇ جانلىق پاكىتلاردىن ماۋزېدۇڭنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشنى ئۇزاق مۇددەت قانات يايدۇرۇشنى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇتۇشنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئالدىنقى سەپ جەڭ مەيدانى قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ماۋزېدۇڭنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىدىكى بەش تەرەپ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، لېكىن بۇ بەش تەرەپ، ماۋزېدۇڭنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي تەرەپلىرى. بۇ بەش تەرەپ ئوخشىمىغان تارىخىي شارائىتتا، ئوخشىمىغان ۋاقىتتىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىچكى ئورگانىك باغلىنىشقا ئىگە بولۇپ، بىرى بىرىنى تولۇقلايدۇ، ھەممىسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ۋە شۇنى مەقسەت قىلىدۇ. بىز ماۋزېدۇڭنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان چېغىمىزدا ئۇنىڭ ھەر قايسى تەرەپتىكى مەزمۇنلىرىنى تارىخىي ۋاقىتتىن، ئىلمىي ئۇسۇلدا تەھلىل قىلىشىمىز، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ھەقىقىي ئىگىلىشىمىز، ئۇنى خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسىگە قارشى تۇرۇش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچى قىلىشىمىز لازىم.

# ئىككى خىل سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى توغرىسىدا

تىلىۋالدى ئەيسا، ئابلىز مۇھەممەت

نۆۋەتتە، خەلقئارادا ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ رىقابەتنىڭ بىرى— دېموكراتىك سوتسىيالىزمنىڭ رىقابىتىدىن ئىبارەت. غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پارتىيىسىدىكىلەر دېموكراتىك سوتسىيالىزمنى ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، «ئەركىنلەشتۈرۈش، دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ئارقىلىق كوممۇنىستىك پارتىيىنى ئۆزگەرتىش كېرەك» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنداق پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرى بىلەن بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ئىلمىي سوتسىيالىزمدىن ۋاز كېچىپ، دېموكراتىك سوتسىيالىزمغا ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ «ئىنسانپەرۋەرلىك دېموكراتىك سوتسىيالىزم» يولىغا مېڭىپ ئاخىرى پارچىلىنىپ كەتتى. شۇڭا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا دېموكراتىك سوتسىيالىزم بىلەن ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى ئېنىق ئايرىپ، كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان ئىشەنچىسىنى ۋە ئىرادىسىنى كۈچەيتىش نۆۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدا ئىككى خىل سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش ئۈچۈن، بۇ ھەقتىكى تۈپ مەزمۇنلارنى ئىخچام سېلىشتۇرما قىلىمىز.

دېموكراتىك سوتسىيالىزم دېگەن سوتسىيالىستىك ئىسلاھاتنىڭ بىر خىل ئۆزگەرتكۈچىلىك ئىدىيە سىستېمىسى، بىر خىل ئۆزگەرتىلگەن كاپىتالىزم تۈزۈمى شۇنداقلا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ كاپىتالىستىك تۈزۈمگە ئۆزگەرتىلىشىدىكى كۆۋرۈك ھەمدە غەرب جاھانگىر دۆلەتلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» سۈيقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدىكى بىر خىل شەكىل بولۇپ، ئىلمىي سوتسىيالىزم بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

بىرىنچى، يېتەكچى ئىدىيىسى ئوخشىمايدۇ.

دېموكراتىك سوتسىيالىزم «تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدىغان سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى» نى يېتەكچى ئىدىيە قىلىدۇ. ئۇلار پارتىيىنىڭ غايىسىنى ئىنكار قىلىپ، دۇنيا قاراش ۋە يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشنى كۆككە كۆتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئۆزى كۆپ مەنبەلىك ئىكەن، ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنى بەلگىلەيدىغان ئامىل، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان تۈرتكە كۈچمۇ كۆپ مەنبەلىك بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن سوتسىيالىزم ھەرىكىتى بىرلىككە كەلگەن دۇنيا قاراشقا مۇھتاج ئەمەس، ئۇنىڭدا بىرلىككە كەلگەن دۇنيا قاراشنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ. بولۇپمۇ ئۇلار ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئىدىيىمىزنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى دېيىشمۇ، ئەمەلىيەتتە ئايرىم نۇقتىنەزەرلىرى ئارقىلىق ماركسىزمنىڭ مەزمۇنىنى ۋە ماھىيىتىنى بۇرمىلايدۇ، ماركسىزمنىڭ ئىشچىلار ھەرىكىتىگە بولغان ئىدىيىۋى يېتەكچىلىكىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ. ماركسىزم سوتسىيالىزمنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى دەپ قاراشقا جېنىنىڭ بارىچە قارشى تۇرۇپ، «ماركسىزم پرولېتارىيات ئىنقىلابىي نەزەرىيىسىنىڭ ئومۇملۇق كۈچى بولالمايدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئىلمىي سوتسىيالىزم ماركسىزمنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراشنى ۋە بىر مەنبەچىلىك ماتېرىيالىستىك تارىخىي قاراشنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىدۇ. ئىلمىي سوتسىيالىزم ئېچىۋېتىش، ئەمەلىيەتچانلىق ۋە ئىجادچانلىقتا ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ ئېچىۋېتىش ئالاھىدىلىكى دۇنيا قاراشنىڭ قەتئىيلىكى بىلەن ئۆز ئارا بىرلەشكەن؛ ئۇنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقى ئۇنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۈزۈل - كېسىللىكى بىلەن زىچ بىرلەشكەن؛ ئۇنىڭ ئىجادچانلىقى— ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىلمىي سوتسىيالىزم ئەمەلىيەت جەريانىدا تەبىئەت،

جەمئىيەت ۋە ئىنسانلارنىڭ تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى بولغان ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئىلمىي بوسۇندا ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە ھەرىكەتنىڭ قىبلىنامىسى قىلىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئورنىغا قويدى. دېموكراتىك سوتسىيالىزم ئەرغىپ قىلغان يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ماھىيەتتە، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا بولغان مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلىدۇ ھەمدە ماركسىزمنىڭ يېتەكچى ئورنىنى بىيىتىش يولىنى توسۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. بۇ دېموكراتىك سوتسىيالىزمنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم بىلەن بولغان ئىدىيە جەھەتتىكى تۈپ ئىختىلابىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى.

ئىككىنچى، سوتسىيالىزمنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكىگە بولغان تونۇش ئوخشاشمايدۇ.

دېموكراتىك سوتسىيالىزمچىلار ئۆزلىرىنى سوتسىيالىزمنىڭ كۈچلۈك ئەمەلىيەتچىلىرى دېگەننى كۆز - كۆز قىلىدۇ. تۈپ ئاساستىن ئالغاندا، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغانلىقى ھازىرقى زامان دۇنيا تارىخىنىڭ چوڭ يۈزلىنىشى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ ھەمدە كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزم ئوتتۇرىسىغا ئېنىق پاسىل سىزىپ قويغىلى بولمايدۇ، كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش ئۈشتۈمتۇت ئۆزگىرىش ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئۇزاق زامان داۋام قىلىدىغان ئىسلاھات جەريانى دەپ، كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى يوققا چىقىرىشقا تىرىشىدۇ. ئۇلار ئابستراكت ھالدا كاپىتالىزمدا يۈز بەرگەن يېڭى ئۆزگىرىشلەردىن پايدىلىنىپ، «كاپىتالىزم ئۆز ماھىيىتىنى ئۆزگەرتتى» دەپ قاراپ، ماركسىزمنىڭ كاپىتال جۇغلانمىسى، پرولېتارىياتنىڭ نامراتلىشىشى ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ كۈچىيىشى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرى بۈگۈندىن كېيىن قايتا ئىسپاتلانمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە سوتسىيالىزمنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىلمىي سوتسىيالىزم ماركسىزمنىڭ دىئالېكتىك تارىخىي قارىشى ۋە قوشۇمچە قىممەت تەلىماتىنى قىبلىنامە قىلىدۇ، كاپىتالىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىكى زىددىيەتلىك ھەرىكىتىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىدۇ. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ئاساسىي زىددىيەت ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. كاپىتالىزمنىڭ بۇ ئاساسلىق زىددىيىتى كاپىتالىزمنىڭ مۇقەررەر ھالدا ھالاك بولۇشىنى، سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەررەر ھالدا غەلىبە قىلىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

ئۈچىنچى، كۈرەش قىلىش نىشانى ئوخشاشمايدۇ.

دېموكراتىك سوتسىيالىزم كاپىتالىزمنىڭ تۈپ تۈزۈمىگە چېقىلماي تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە پارلامېنت دېموكراتىيىسى ئارقىلىق، سوتسىيالىزمغا «تىنچ يول بىلەن ئۆسۈپ كىرىش» نى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلار «ئىجتىمائىي ئادىللىقنى، تۇرمۇشنىڭ باياشات بولۇشىنى، ئەركىنلىك بىلەن دۇنيانىڭ تىنچ بولۇش تۈزۈمى» نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ كۈرەش نىشانى قىلغان. ئۇلار سوتسىيالىزم ئىقتىسادىي جەھەتتە بارلىق ھوقۇقنى خەلققە تاپشۇرغاندىلا كىشىلەر ئەركىن، باراۋەر بولغان ئورۇنغا ئىگە جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، جەمئىيەتتە بىرلىكتە خىزمەت قىلىدۇ ھەمدە بۇ جەمئىيەتتە ھەر بىر كىشى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرالايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىلمىي سوتسىيالىزم سىنىپىي كۈرەش ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابىي كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشنىڭ يولى دەپ ھېسابلايدۇ ھەمدە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈشنى كۈرەش قىلىشتىكى ئورتاق نىشان قىلىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە، ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن ئەخلاقىي قائىدە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن سىنىپلارغا مەنسۇپ بولىدۇ. سىنىپتىن ھالقىغان ئورتاق ئەخلاقىي قائىدە مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس. ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، ھەققانىيلىق، ئادىمگەرچىلىك ئاڭلانماققا چىرايلىق سۆز - ئىبارىلەر بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەرقايسى جەھەتلەردىن ھەرقايسى سىنىپلارغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلاردا ئىپادىلىنىدۇ. ئابستراكت ئادىمگەرچىلىكنى

سوتسىيالىزمنىڭ نىشانى قىلىش ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئىلمىي ئېتقادىنى تاشلاپ، بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئۈچىنچى، نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يولى ئوخشاشمايدۇ.

دېموكراتىك سوتسىيالىزم ئىسلاھاتچىلىق ئۇسۇلىنى ئىجتىمائىي غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يولى دەپ قارايدۇ. بۇ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ، مانا بۇ ھەقىقىي سوتسىيالىزم بىلەن يالغان سوتسىيالىزمنى پەرق ئېتىشنىڭ ئۆلچىمى. دېموكراتىك سوتسىيالىزم پالاتالىق دېموكراتىيە سوتسىيالىزمغا قاراپ ماڭىدى دېگەننى تەرغىپ قىلىپ، دىكتاتۇرىغا قارشى تۇرىدۇ. ماھىيەتتە بولسا، پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي ۋەكىلى ئەمگەكچى خەلقنى ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ۋە مەنسىپىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇرژۇئازىيىنى رۇخسەت قىلىنغان دائىرە ئىچىدە چەكلەيدۇ ھەم پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىن ۋاز كېچىدۇ.

ئىلمىي سوتسىيالىزم پرولېتارىيات ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە كوممۇنىزم يولىغا مېڭىشتا ئۆز پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا مۇھتاج. كوممۇنىستىك پارتىينىڭ رەھبەرلىكى سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغىلى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەگەر كوممۇنىستىك پارتىينىڭ رەھبەرلىكى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنى ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ قويۇلسا ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىلسە، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ مېۋىلىرى قولدىن كېتىدۇ.

بەشىنچى، پارتىينىڭ خاراكتېرى، پروگراممىسى ۋە تەشكىلىي پرىنسىپى ئوخشاشمايدۇ.

دېموكراتىك سوتسىيالىزم پارتىيىلىرى ئۆزلىرىنى «ئىدىيەدە ئەركىن پارتىيە»، «كۆپ مەنبەچىلىك نەزەرىيىسى» نى يولغا قويىدىغان «ئورتاق گەۋدە» دەپ ھېسابلايدۇ. دېموكراتىك سوتسىيالىزم تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ئىككى قارىمۇ قارشىلىق مەۋجۇت بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىشچىلار سىنىپىي رولىنى يوقاتتى، كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزم دەپ چەك ـ چېگرىنى ئايرىش قىيىن دەپ داۋراڭ سالىدۇ. بىزگە مەلۇم كاپىتالىزم سوتسىيالىزمغا بىراقلا ئۆزگىرىپ كەتمەستىن، بەلكى بىر ئىسلاھات جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. پەقەتلا «رېئاللىنى ئۆزگەرتىش جەھەتلەردە تەدرىجىي ئىلگىرىلەيدىغان ستراتېگىيىنى يولغا قويىدۇق». شۇڭا، ئۇلار ئىنقىلابىي بىر سىياسىي كاتېگورىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر قانداق رېئاللىق مەزمۇنلارنى يوققا چىقىرىدۇ. جەمئىيەتتە ئۆزلۈكسىز ئىسلاھاتچىلىق بولغاندىلا ئاندىن ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

ئىلمىي سوتسىيالىزم كوممۇنىستىك پارتىينىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى، كوممۇنىزم ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان يادرو كۈچ ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ. دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى پارتىينىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى قىلىدۇ ھەمدە باشتىن ـ ئاخىر پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى دەپ قارايدۇ. پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرقانداق بىر ئىنقىلابقا ئوخشىمايدۇ. ئۇ بىر خىل خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يەنە بىر خىل خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش بولماستىن، بەلكى بارلىق ئېكسپىلاتسىيە تۈزۈمىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىش، پرولېتارىيات دۆلەت ھاكىمىيىتىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى پەيدىنپەي يوقىتىش ھەم سىنىپىي پەرقنى ھەم ئىجتىمائىي پەرقنى تەدرىجىي يوقىتىشتەك سوتسىيالىستىك تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇندايدۇ. شۇڭا، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئورنىتىپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەشكە ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ قارىشىچە، سوتسىيالىزمنىڭ رەھبەرلىك ئىشلىرى ماركسىزم - لېنىنىزم يېتەكچى ئىدىيە قىلىنغان پرولېتارىيات پارتىيىسىدىن ئىبارەت. كوممۇنىستىك پارتىيە بولسا، پرولېتارىياتنىڭ ئىلغارلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ پرولېتارىيات سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ تۆۋەن پروگراممىسى ۋە ئەڭ يۇقىرى پروگراممىسى بىلەن قەتئىي ھالدا سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. ماركسىزملىق پارتىيە ماركس، لېنىننىڭ پارتىيە قۇرۇش نەزەرىيىسىگە سادىق بولۇپ، دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت خاراكتېرىنى ۋە تولۇپ تاشقان جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە ئويۇشقان، قاتتىق تەشكىلىي ئىنتىزامغا ئىگە بولغان پارتىيە، شۇنداقلا ئىشچىلار سىنىپىغا ۋە كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئىگىلمەي - سۇنداي كۆرەش قىلىپ، كاپىتالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلمىي سوتسىيالىزمنى يېتەكچى قىلغان پرولېتارىيات پارتىيىسى بىلەن دېموكراتىك سوتسىيالىزم پارتىيىسى تۈپتىن قارىمۇقارشى، شۇنداقلا ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاشمايدۇ.

ئالتىنچى، ئىقتىسادىي تۈزۈم ئوخشاشمايدۇ.

دېموكراتىك سوتسىيالىزم سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي جەھەتتە ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، كۆپ مەنبەلىك ئارىلاشما ئىگىلىكنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى سوتسىيالىزم ماھىيىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئەمەس، جەمئىيەت خاراكتېرىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەممۇ ئەمەس، سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقاتمىسىمۇ بولىدۇ، پەقەتلا ئۇلارنىڭ تەقسىماتىنى ياخشىلىسىلا بولىدۇ، «سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئالدىنقى شەرت قىلمايدۇ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم ساھەلىرىدە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ» دەپ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئالاھىدە رىقابەتلىشىش مېخانىزمىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىگە ئىگە، ئۇ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شەخسلەرنىڭ مال - مۈلكىگە ئايلانغاندىلا، ئاندىن كىشىلەر ئۇنى ئىشلىتىشكە ۋە ئاۋۇتۇشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ، شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ يۇقىرى ئۈنۈم بېرىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئىلمىي سوتسىيالىزم سوتسىيالىزمنى تارىخىي مۇقەررەرلىك دەپ قارايدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي بەلگىسى ھېسابلايدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرىدىغىنى چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بولسا، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى. سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ مەقسىتى — ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سىنىپنى يوقىتىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى ئارقىلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ كىرىمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش - سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ مەقسىتى، شۇنداقلا سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ تۈپ پەرقى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىشتىلا ئەمەس، بەلكى ئورتاق بېيىشتا» دەپ كۆرسەتتى («جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرايلى» تولۇقلانغان نۇسخا، ئۇيغۇرچە نەشرى، 609 - بەت). خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىشنىڭ مەنبەسى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئورتاق بېيىشنىڭ تۈپ كاپالىتى. مەملىكىتىمىزدە ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت مۈلۈكچىلىك بىلەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش

(ئاخىرى 38 - بەتتە)

# پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتەيلى

## — جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىكىنىڭ يادروسى — ئىلمىيلاشتۇرۇش، ئالاھىدىلىكى — تاۋارلاشتۇرۇش، يۆنىلىشى — ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش

لۇ لياڭشۇ

دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 450 مىليون - 500 مىليون توننىغا، پاختىنى 5 مىليون 500 مىڭ — 6 مىليون توننىغا يەتكۈزۈش، يېزىلارنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى بىر قاتلاش، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى 1100 يۈەنگە يەتكۈزۈش، ھاللىق تۇرمۇش سەۋىيىسىگە يېتىشتىن ئىبارەت يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى بەلگىلەندى. 21 - ئەسىرگە نەزەر سالساق، دۆلىتىمىز ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشى ھەمدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى قاتارلىق جەھەتلەردىكى بېسىمغا دۇچ كېلىدۇ. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 8 - ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار» دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ 90 - يىللاردىكى زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتىكى ھەرىكەت پروگراممىسى. پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى. ئۇ، پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقىنى نامايان قىلدى.

بۈگۈنكى دۇنياغا نەزەر سالساق، شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىمىزكى، پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ ھەمدە رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە تېزلىكتە ئايلىنىپ، بارغانسېرى ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەڭ جانلىق ئامىلىغا ۋە ئەڭ ئاساسىي تۈرتكىلىك كۈچىگە ئايلانماقتا. دۇنيادىكى بىر قىسىم تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى ساھەسىدىكىلەر دائىمىي تېخنىكىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپلا قالماستىن، ھەمدە يېڭى، يۇقىرى تېخنىكىلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە قوللىنىلىشىغىمۇ ئىنتايىن دىققەت قىلماقتا. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا تونۇشتۇرۇلۇشىچە، 1985 - يىلى بىئولوگىيە تېخنىكىسى مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى [illegible] مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن، 1990 - يىلى 27 مىليارد 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. بەزىلەر 1996 - يىلىغا بارغاندا يېزا ئىگىلىك ئىرسىيەت قۇرۇلۇشىدىن قايتا يىغىۋېلىنىدىغان پايدىنىڭ تېبابەتچىلىكنىڭكىدىن ئون ھەسسە يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى، بىئولوگىيە تېخنىكىسى ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، ئېرىشىدىغان ئۈنۈمنىڭ سالغان مەبلەغنىڭ 40 ھەسسىگە يېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن. 50 - يىللاردىلا يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇپ بولغان بىر قىسىم تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە پەن - تېخنىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى رولى 60 — 80 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. دۆلىتىمىزدە بولسا، 1972 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە بولغان يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىشىدا پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ رولى ئاران 27 پىرسەنت بولغان. 6 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە 30 پىرسەنتكە يەتكەن. 7 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە 35 پىرسەنتتىن 40 پىرسەنتكىچە بولغان. پەرق ئىنتايىن چوڭ. كەسكىن رېئاللىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، بىز ئارقىدا قالغانلىقىمىزغا تەن بەرمەي، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ھەسسىلەپ تىرىشىپ، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، ئوتتۇرىمىزدىكى مەۋجۇت بولۇپ

كېلىۋاتقان پەرقنى تېخىمۇ چوڭايتىۋېتىمىز. شۇڭا، بىز يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى تارىخىي ۋەزىپىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسىتىمىزنى تەقدىم قىلىشىمىز كېرەك.

## دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال كۈچىنى كۈچەيتىش

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان «پەن — تېخنىكا - ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، بەلكى بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» دېگەن ئىلمىي يەكۈن، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئۇزاق مەزگىللىك ستراتېگىيىلىك فاڭجېن. يولداش جياڭ زېمىن جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا قىلغان سۆزىدە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىگە يۈكسەك دەرىجىدە باھا بەردى ھەمدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا پەن - تېخنىكىغا تايىنىش كېرەك، دېگەن يېڭى مەزمۇننى قوشتى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ تەرەققىي قىلىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يولىغا ھەقىقىي تۈردە يۆتكەش - بىر مەيدان كەڭ ھەم چوڭقۇر ئىسلاھات. ئۇ ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشاننىڭ غەلىبىلىك ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈچىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالىدۇ. پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 8 - ئومۇمىي يىغىنى قارارىدا يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «پەن - تېخنىكا-بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، دېگەن ماركسىزملىق قاراشنى پۇختا تىكلەپ، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ تېزلىتىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يولىغا يۆتكەش لازىم.» شۇڭا، بىز بۇ ئىدىيىۋى قاراش بۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھاتنىڭ كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقىغا ھەمدە جاپا - مۇشەققەتلىكىگە قارىتا ئۈزلۈكسىز تەكرار چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى دېگىنىمىز — ماھىيەتتە ئىلمىيلاشقان يېزا ئىگىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، زامانىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۇنىۋېرسال قوللىنىلغانلىقىنىڭ جەۋھىرى. زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يادروسى — ئىلمىيلاشتۇرۇش، ئالاھىدىلىكى — تاۋارلاشتۇرۇش، يۆنىلىشى — ئۈنۈمدارلىقنى ئاشۇرۇش. پەن - تېخنىكىغا چىڭ تايانغاندىلا، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىكى يولىغا ماڭغىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە، دۆلىتىمىز ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكتىن زامانىۋى يېزا ئىگىلىككە ئۆتۈش مەزگىلىدە تۇرماقتا. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، 25 مىڭدىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىسىگە ئېرىشتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە 2375 تۈرلۈك نەتىجە مىنىستىرلىك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ نەتىجىلەر كېڭەيتىپ قوللىنىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. مەسىلەن، 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سورتى ئومۇمىيۈزلۈك بىر قېتىم يېڭىلاندى. ياخشى سورتلارنىڭ قاپلاش نىسبىتى 80 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولدى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شالنى شالغۇتلاشتۇرۇپ ئۆستۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. 1990 - يىلىغا كەلگەندە مەملىكەت بويىچە كېڭەيتىلگەن كۆلىمى 1 مىليارد 600 مىليون موغا يەتتى. ئومۇمىي كۆپەيگەن شال مەھسۇلاتى 80 مىليارد كىلوگرامدىن [illegible]. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شالغۇتلاشتۇرۇلغان كوممىقوناقنىڭ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئېتىزلاردىكى بىرلىك مەھسۇلاتى 100 كىلوگراملىق ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 28 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر) دە ئومۇملاشتۇرۇلۇش كۆلىمى 120 مىليون موغا يېتىپ، 9 مىليارد 600 مىليون كىلوگرام مەھسۇلات كۆپىيىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم 3 مىليارد 360 مىليون يۈەن ئاشتى. بۇ، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا كېڭەيتىلىپ قوللىنىلىشى — زامانىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ

ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كۈچەيتىشتىكى ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ قالغانلىقىنى، بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك ئىسپاتلىدى. شۇڭا، بىز زامانىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى، ھالىتىنى ۋە يېڭى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگىلەپ، پەن - تېخنىكا-بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەن تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

## «پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش» تىن ئىبارەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى چىڭ تۇتۇپ يولغا قويۇش

يېزا ئىگىلىكى ــ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىشىنىڭ ئاساسىي. ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئورۇنغا ۋە رولغا ئىگە. پارتىيىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 8 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «قارار»نىڭ تۆت قىسمىدا پەن - تېخنىكىغا، ماائارىپقا تايىنىپ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى چىڭ تۇتۇپ يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى مەركەزلىك بايان قىلىندى. بۇنىڭ ئاچقۇچى ... يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يولىغا يۆتكەشتە. ھازىرقى دۆلىتىمىزنىڭ كەڭ دېھقانلىرى قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇشتىن ھاللىق سەۋىيىگە ئۆتۈشكە باشلىدى. يېزا ئىگىلىكى ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكتىن زامانىۋى يېزا ئىگىلىككە ئۆتمەكتە. نوقۇل ھالدىكى مەھسۇلات مىقدارىغىلا ئىنتىلىشتىن يۇقىرى مەھسۇلات، يۇقىرى ئۈنۈم، ئۇۋەن سەرىپىياتقا يۆتكىلىش دەۋرىدە تۇرماقتا. شۇڭا، بىز ئالدى بىلەن پەن - تېخنىكا، ماائارىپ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى ئېنىق تونۇپ، پەن - تېخنىكا، ماائارىپ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشنى دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى بىر ئۇزۇلۇك ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك فاكجېنى قىلىشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە. يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا بىرىنچىدىن، سىياسەتكە، ئىككىنچىدىن، پەن - تېخنىكىغا، ئۈچىنچىدىن، مەبلەغ سېلىشقا تايىنىش كېرەك. بۇ ئۈچىسى بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر - بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاخىرقى نىشانى - يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇۋەتە، دۆلىتىمىزنىڭ بىر مۇنچە يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى تېخى ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلمىدى. يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش خىزمىتى نىسبىي ئاجىز ھالەتتە تۇرماقتا. شۇڭا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە پەن - تېخنىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتىكى رولىنى 50 - 60 پىرسەنت ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى يېڭى يۈكسىلىشكە ئىگە قىلىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا، ماائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا:

بىرىنچىدىن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. يېقىندا گوۋۇيۈەن «يېزا ئىگىلىكنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تا: «يېزا دەرىجىلىك تېخنىكا كېڭەيتىش ئورگانلىرىنى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قاتلاملاردىكى كەسپىي ئورۇنلىرى قىلىپ بېكىتىش لازىم. ئۇلارنىڭ شتاتتىكى خادىملىرىنىڭ سانىنى ۋە ئېھتىياجلىق خىراجىتىنى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ئېھتىياج ۋە مالىيە كۈچىگە ئاساسەن ئۆزلىرى ھەل قىلسا بولىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. ئۇۋەتە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى يېزىدىن ئۇۋەن ئورۇنلاردا قانداق قىلىپ كەنت، ئائىلىلەر بىلەن ياخشى بىرلەشتۈرۈش يەنىلا ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىپ قوللىنىشنىڭ بىرىكىش ئۇقتىسىغا ئەھمىيەت بېرىشمۇ كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. ھازىر پۈتۈن مەملىكەت يېزىلىرىدا 3 مىليوندىن ئارتۇق ئەزاسى بار

كەسىپىي تەشكىلاتلار بىلەن ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىرلەشتۈرۈلگەن 100 مىڭدىن ئارتۇق يېزا كەسىپىي تېخنىكا جەمئىيىتى (تەتقىقات جەمئىيىتى) بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى ساغلام تەرەققىي قىلىش يولىغا يېتەكلەش لازىم. دۆلەت مۇناسىپ سىياسەت، قانۇن، بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ، ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى ئورنى ۋە رولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى تېخنىكا، مەبلەغ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن قوللاپ، دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمىتىنى تەدرىجىي ھالدا ھۆكۈمەت باشقۇرۇش ئاساس، خەلق باشقۇرۇش قوشۇمچە قىلىنغان، كەسىپىي تەشكىلاتلار بىلەن ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىرلەشتۈرۈلگەن پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمەت سىستېمىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم.

ئىككىنچىدىن، تەربىيىلەشنى ۋە تېخنىكا جەھەتتىن يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. دۆلىتىمىز يېزا ئىگىلىك چوڭ دۆلىتى، يېزىلار دا ساۋاتسىزلار، يېرىم ساۋاتسىزلار ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 73 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر ئاران 27 پىرسەنتكە يېتىدۇ. يېزىلاردا ھەر 10 مىڭ ئادەم ئىچىدە 5.3 نەپەر دېھقان تېخنىك خادىمى، 2.5 نەپەر دۆلەت دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىمى بار. دېھقانلار ئۇزاق مۇددەت پەن ـ تېخنىكىنى قوبۇل قىلالماي كەلگەن. پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭمۇ يېزىلاردا ئومۇملاشمىقى تەس. بۇلار زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىشىغا قارىتا، شۈبھىسىزكى چوڭ توسالغۇ بولىدۇ. شۇڭا، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە نۇقتىنى جەددىي ئىش شۇكى، بىرىنچىدىن، تۈرلۈك يوللار ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق يېزا كادىرلىرى ۋە ياش دېھقانلارنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، ئۈنۈملۈك پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىش تۈرلىرىنى قۇرۇپ، ئۇلارغا بىر ـ ئىككى خىل ئىلغار ئەمەلىي تېخنىكىنى ئىگىلىتىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغاپ، ئۇلارنى يېزىلارغا بېرىپ پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ھەمدە ۋاڭ شۈجۈن، لى دۇڭخۇي، خوڭگۇاجۇڭ، لى لىكې، نىڭ شۈمىڭ قاتارلىق زور بىر تۈركۈم ئىلغار يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، دېھقانلار بىلەن بىرلىشىش يولىغا مېڭىپ، يېزىلارغا ۋە دېھقانلار ئارىسىغا بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېھقانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە، يېزىلارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياشلىق باھارىنى تەقدىم قىلىشقا، ئەقىل ـ پاراستىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، يېزا ئىگىلىكى، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپنىڭ بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىدۇ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىختىساسلىق خادىملارغا تايىنىدۇ. ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش مائارىپقا تايىنىدۇ. زامانىۋى يېزا ئىگىلىكنىڭ موشۇنداق بىر ئىچكى قانۇنىيىتى ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ يېزىلاردا يېزا ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن رول ئوينىماقتا. يېزا ئىگىلىكى، پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپنى بىرلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ـ ھالقىلىق سەۋىيىگە قاراپ مېڭىشنىڭ مۇقەررەر يولى. يېزا ئىگىلىكنى، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپنى بىرلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىر تۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ، يېزا ئىگىلىكنى بىلەن پەن ـ تېخنىكىنىڭ بىرلىشىشگە ئىلھام بېرىشى ۋە قوللىنىشىدىن باشقا، يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىلىم، ئىختىساسلىق خادىملار توپلانغان بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ۋاستىسى بولۇشى لازىم. كۆپچىلىك بىرنىيەتتە ھەمكارلىشىپ، بىر تۇتاش ھەرىكەت قىلىپ ماسلاشقاندىلا، چوقۇم خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگىلى، كەڭ دېھقانلارنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ مېڭىشىغا زور تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.

نىشانىنى ۋە مۇھىم نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكنى يېڭى يۈكسىلىشكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى.

90 - يىللار ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى تېخنىكىسى بىلەن زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىرلىشىۋاتقان، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىۋاتقان مۇھىم پەيت. 2000 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا خىزمىتى يېزا ئىگىلىكىنى يېڭى يۈكسىلىشكە ئىگە قىلىش، يېزىلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش، دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى كېرەك. بۇنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانى - زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلەن زامانىۋى سانائەتنى قۇدرەتلىك تۈۋرۈك قىلىپ، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكنى زامانىۋى پەن - تېخنىكا ۋە زامانىۋى باشقۇرۇش ئاساس قىلىنغان زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىپ، زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سىستېمىسىنى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىدىن زور تۈركۈمدىكى يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ چىقىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ نىسبىتىنى تەدرىجىي تۆۋەنلىتىپ، يەر ئۈنۈمدارلىقىنى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ھەمدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋار نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

90 - يىللاردا دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىسى ئاساسەن تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە قوغداش؛ يېمەكلىكلەر مەنبەسىنى كەڭ ئېچىپ، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش؛ زىرائەت، چارۋا، قۇش، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سورتى ۋە نەسلىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈپ، ياخشى سورت - نەسىللەرنى كۆپەيتىش سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقتا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئەڭ سۈپەتلىك، تۆۋەن سەرپىياتلىق مەھسۇلات ئاشۇرۇش تېخنىكىسى؛ رايونلارنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش، تۈزەش تېخنىكىسى؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش، توشۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئوراش، قاچىلاش ۋە ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش تېخنىكىسى؛ بىئولوگىيە تېخنىكىسى، مىكرو ئېلېكترون تېخنىكىسى قاتارلىق يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارنىڭ يېزا ئىگىلىكتە قوللىنىلىشى؛ يېزا ئىگىلىك ئەمەلىي ئاساس تەتقىقاتى؛ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكنىڭ ماكرولۇق ئىگىلىكى ۋە ئىلمىي باشقۇرۇش تەتقىقاتى قاتارلىق 10 تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتنىڭ بۇ نۇقتىلىرى چىڭ تۇتۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلسا، تېخىمۇ مول، سۈپىتى تېخىمۇ ياخشى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ.

(ئوسمان مۇھەممەت تەرجىمىسى)

قىز بالىنى ھۆرمەت قىل، ئۇنىڭ نومۇسى ۋە شەرىپىنى، ئىنسانىي غۇرۇرىنى ئاسرا، ساڭا يارىغان قىز سېنىڭ بولغۇسى ئايالىڭ، بالىلىرىڭنىڭ ئانىسى، ئۇ ياشاپ تۇرغانلىقىڭنىڭ كاپالىتى، ئۇ سېنى بالىلىرىڭ قىياپىتىدە يېڭىباشتىن دۇنياغا كەلتۈرىدۇ.

ۋ. ئا. سۇخوملىنسكى

# يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش فاڭجېنى ۋە مائارىپ

گۈلسۇم ھوشۇر

يېزىلاردىكى باي - كەمبەغەللىكنىڭ تۈپ سەۋەبى نېمە؟ ئەگەر بىز كەمبەغەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ھەر بىر سەۋەبنى پاراللېل ئورۇندا قويۇپ قاتار قىلىدىغان بولساق، ھەر يەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ كەمبەغەللىكتە قىلىشتىكى تۈرلۈك سەۋەبلەر ۋە بايلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغان خىلمۇ خىل تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن. ئەمما، بىز يېزىلارنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، باي - كەمبەغەللىكنىڭ سەۋەبلىرىنى پاراللېل ئورۇندا قويۇپ ئويلىنىش ۋە باي بولۇشنىڭ تەدبىرلىرىنى تىزىش خۇددى ناتۇستا دوختۇر ئادەمنىڭ قايسى يېرى ئاغرىسا شۇ يېرىگە دورا قىلىپ، تەن پۈتۈنلۈكىدە ئىممۇنىتېت كۈچى ھاسىل قىلالمىغىنىغا ئوخشاش ئىش بولۇپ، بۇ ئۇسۇل بىلەن تۈپ سەۋەبنى تاپقىلى ۋە شۇ ئاساستا توغرا قارارغا كەلگىلى بولمايدۇ. شۇڭا باي، كەمبەغەللىكنى پەيدا قىلغان سەۋەبلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تۈپ سەۋەبنى تۇتۇش كېرەك.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، تارىختىن بۇيان بايلىقنى يارىتىش ۋە يوقىتىپ قويۇش ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراسەت ۋە ئىجادچانلىق دەرىجىسىگە قاراپ ئۆزگىرىپ كېلىۋاتقان ھەرىكەتچان قۇرۇلما بولۇپ، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ئارقىلىق باي بولۇشنىڭ زامانىمىزدىكى ئاساسلىق شەكلى مائارىپتۇر. پەۋقۇلئاددە تەبىئىي ئاپەت ۋە سىياسىي، تۇرۇش ۋەيرانچىلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىقتىسادىي بازىسنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدىكى تۈرلۈك مائارىپ شەكىللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بايلىق، مەدەنىيلىك ئۆسۈپ بارىدۇ، مائارىپنىڭ چېكىنىش، ۋەيران بولۇشىغا ئەگىشىپ نادانلىق، نامراتلىق ئۆسۈپ بارىدۇ، بۇ مەڭگۈلۈك بىر قانۇنىيەت. يېزىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يېزىلاردىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى بازا قىلغان تېخنىكا بىلىملىرىنى ئوقۇتۇش ھەمدە تېخنىكا مائارىپىنىڭ باشقا شەكىللىرىنى راۋاجلاندۇرۇش — باي بولۇشتىكى ئاساسلىق چىقىش يولى بولۇپ، رادىئو، گېزىت، كىتاب - ژۇرناللاردىن پايدىلىنىش، مەدەنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، لېكسىيە ئاڭلاش ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدىكى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن بارىدىغان ئۆگىنىشلەر مۇنتىزىم مائارىپ شەكلىنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدىغان بىلىم تولۇقلاش شەكىللىرىدۇر. پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتا پەن - تېخنىكىنى ئاچقۇچ قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئاشۇ قانۇنىيەت، تارىخىي ساۋاقلار ۋە رېئال ئەمەلىيەت تەقەززاسىنى نەزەرگە ئالغان دانا تەدبىر.

ئەمەلىيەتكە قارايدىغان بولساقمۇ ئەھۋال ئەنە شۇنداق. بىز يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىشتا مۇقەررەر ھالدا يېزا خەلقىنىڭ پەن - تېخنىكا ئېڭىنى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىمىز. ئۇلارنىڭ ناتورال ئىگىلىك ئادەت كۈچىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى ئۆگىنىۋېلىشىغا، ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىشىگە ياردەم بېرىشنى ئويلايمىز. ئۇلارنى ئۆز يېرىنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئەسىرلەر بويى قامىلىپ ياتقان يېزىلاردىن چوڭ زامانىۋى بازارلارغا مال يۆتكىيەلەيدىغان، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد باشقىلاردىن تاۋار سېتىۋېلىشىنىلا بىلىدىغان بىر ياقلىملىقتىن باشقىلارغىمۇ ساتىدىغان ۋە ئالىدىغان ئىككى ياقلىملىققا تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى زامان تەلىپىدە زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، يېزا خەلقىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى نەزەردە تۇتىمىز.

بۇنداق توغرا ئىدىيە ۋە نەزەر دائىرىسىنى بىزگە ئەمەلىيەت بەرگەن. يېقىنقى يىللارنى كۆز ئالدىمىزغا

كەلتۈرۈپ باقايلى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز مۇۋاپىق بولغانلىقى، سېلىنمىسىنىڭ كۆپەيگەنلىكى قاتارلىقلارغا باغلىق بولسىمۇ، بۇ جەرياندا پەن - تېخنىكىنىڭ ماتارىپ ئارقىلىق كېڭەيتىلىشى، قوللىنىلىشى ھالقىلىق رول ئوينىدى. يېزا ئىگىلىكىمىزدىكى گۈللىنىش ئەمەلىيىتى بىزگە پەن - تېخنىكىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكىنى، ئۇ، دېھقانلار ئاممىسى تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ دېھقانچىلىقتا قوللىنىلغان ھامان غايەت زور ماددىي كۈچكە ئايلىنىپ، يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش پەيدا قىلىدىغانلىقىنى تونۇتتى. بۇنىڭ بىلەن بىز پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش فاڭجېنىنىڭ توغرىلىقىغا قايىل بولۇپلا قالماي، پەن - تېخنىكىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچى ماتارىپ خىزمىتىنى ئەتراپلىق جانلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ تونۇپ يەتتۇق.

شۇنداق بولغاچقا، يولداش سۇڭ جيەن 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشتىكى ئۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى شەرھىيلىگەندە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشنى تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا باغلاپ چۈشەندۈردى، پەن - تېخنىكا تېپىدىكى ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە شەكىللەندۈرۈپ، مىڭلىغان دېھقان ئائىلىلىرىنى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشقا يېتەكلەپ، يېزىلارنىڭ تاۋارلىشىش، ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەن نېمە؟ ئۇ تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، تاۋارنىڭ پەن - تېخنىكىلىق مىقدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى تاۋار ئوبوروتى ساھەسى ئارقىلىق ئىچكى - تاشقى چوڭ بازارلاردا ئايرىۋاشلاپ، ئۆز رايونىدىكى خەلقلەرنى مۇشۇنداق تاۋار ئوبوروتىدا قىممەت قانۇنىي بويىچە تېخىمۇ كۆپ پۇلغا ئېرىشىدىغان قىلىش ئارقىلىق، خەلقنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ۋە مۇشۇ پۇل بىلەن مەبلەغ جۇغلاپ، پەن - تېخنىكا بىلەن قوراللىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ مەدەت بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىنى زامانىۋىلىشىش يولىغا قاراپ مېڭىشقا تەدرىجىي يېتەكلەشتىن ئىبارەت. بۇ، 90 - يىللاردا ئىشلىتىدىغان يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشتىكى بازىس خاراكتېرىنى ئالغان ۋەزىپە، بۇ ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكىدىن ئىجتىمائىيلاشقان، كۆلەملىك تاۋار ئىگىلىكىگە قاراپ راۋاجلىنىش جەريانىدا ئورۇنداش زۆرۈر بولغان بىر تارىخىي ۋەزىپە. ئۆتكەن ئون يىللىق تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇشۇنداق ئىجتىمائىيلاشقان تاۋار ئىگىلىكى مېخانىزمىنى قەدەممۇ قەدەم قۇرۇپ چىققاندىلا، يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش فاڭجېنىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.»

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش فاڭجېنى ھەر ئىشنىڭ سەۋەبىنى قىلماي تەڭرىگە باغلاپ دۇئا - تەگبىر قىلىدىغان مىڭلاپ دېھقانلار دېھقانچىلىقنى تاشلاپ شەھەرمۇ شەھەر كېزىپ يۈرىدىغان سودىگەرلەرگە ئايلىنىپ، ئۆز يۇرتىدىكى خەلقلەرنىڭ چۆنتىكىدىكى پۇلنى تېخىمۇ تېزلىكتە سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۆزلىرى كارخانا قۇرمايدىغان ياكى ئەمەلىيەتتە ئەسقاتمايدىغان مەۋھۇم شوئارلارنى توۋلاپ يۈرىدىغان، ھەتتا مەكتەپلەرنىڭ تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، زور تۈركۈمدىكى ياشلار ساۋاتسىز قېلىۋاتسىمۇ پەداز گەپلەرنى بازارغا سالىدىغان كىشىلەرنىڭ داۋراڭلىرى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى توغرا سىياسىي يۆنىلىشكە ئىگە، ۋەتەنگە، كوللېكتىپقا، سوتسىيالىزمغا چىن مۇھەببەت باغلىغان غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولغان يېڭى تىپتىكى دېھقانلارنىڭ پەن - تېخنىكىغا ئىخلاس قىلىشى ئارقىسىدا ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان فاڭجېن بولۇپ، ئۇ يېزىلاردا تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زور تۈركۈمدىكى ئىختىساسلىقلارغا ۋە بۇنداق ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ، تۈرلۈك كۇرس، قوغداش سىياسەتلىرىگە مۇھتاج. بۇنداق زور بىر

ئارقىلىق رىقابەتلىشىش، يېڭىلىق يارىتىش، داداىللىق بىلەن كونىلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ يېڭىلىققا ئۆتۈش روھىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى نەرسىلەر بولۇپ، بۇنداق بىكىنمە ھالەت، تۆرگۈن تەپەككۇر، قىمار ئويناش، ھاراقكەشلىك قىلىش، خوتۇن - قىزلارنى كەمسىتىشكە ئوخشاش بۇزۇق ھەرىكەتلەر داۋاملىشىدىغان بولسا، يېزا خەلقىنى ناتۇرال ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتىن يانىدۇرۇش، يەر تېرىشتىن باشقا ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە باشقا قوشۇمچە كەسىپ قاتارلىق بايلىق ئەۋزەللىككە تايىنىپ، زامانىۋى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بايلىقتىن ئومۇملاشتۇرۇپ پايدىلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا يۈزلەنگەن زامانىۋى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلىنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

چۈنكى، پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى ياكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش دېگىنىمىز- نېگىزى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان بىلىملىرى ۋە مەكتەپ بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ئەقلىي ئىنقىلابىي ياكى پرولېتارىيات پارتىيىسى يولباشچىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك ئەقلىي ئىنقىلابىي بولۇپ، دۇنيانىڭ ئەقلىيلىشىشكە قاراپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان بۇنداق بىكىنمە ھالەت ياكى ساۋاتسىزلار قاشاقلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يەردە يېزا ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ئاتالمىش بايلىق ياكى كەمبەغەللىكنىڭ مەنبەسى دېھقانچىلىققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەبىئىي ۋاسىتىلەردىن قالسا، ئەقىلنىڭ تەرەققىي قىلىشى ياكى تەرەققىي قىلماسلىقىغا باغلىق بولغاچقا، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىمپورت قىلغىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. بىزدە يوق ئۈسكۈنىلەرنى چەتتىن يۆتكەپ كەلگەن تەقدىردىمۇ مۇنتىزىم ماتارىپ ۋە شۇ ئاساستىكى تۈرلۈك؛ تېخنىك ئۆگىنىش ۋە بىلىم تولۇقلاشنى مەقسەت قىلىدىغان كۇرسلارنى دەۋر قىلىدىغان داۋاملىق ماتارىپ شەكىللىرى ئارقىلىق ساپاسى بار ئادەملەرنى يېتىشتۈرمىگەندە، ئۇنداق ئۈسكۈنىلەرمۇ تېزلىكتە ۋەيران بولۇپ تۈگەيدۇ. بىز جەنۇبتىكى بەزى يېزىلاردا بۇنداق ۋەيران بولغان ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى كۆپ كۆردۇق. شۇڭا، يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش دېگىنىمىز مانا مۇشۇنداق قالاقلىق ياكى ئەقلىي جەھەتتىكى راۋاج تاپالماسلىقنى ئۆزگەرتىپ، دۆلەت كومىسسارى سۇڭ جيەن دېگەن تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداشقا قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، ھازىرقى تەكشۈرۈشىمىز بويىچە قارىغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خېلى كۆپ يېزىلىرىمىزدا ساقلىنىۋاتقان ماتارىپقا سەل قاراش ئەھۋالى خۇددى يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشكە كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ تۇشتۇمتۇت يېلى چىقىپ كېتىپ توختاپ قالغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ماتارىپتىكى مۇنداق ئاجىزلىق ۋە ساۋاتسىزلىقنى ئۆزگەرتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويماي يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن گەپ ئېچىش كۈلكىلىك ئىش بولغاچقا، ئۇ بىزدىن يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشتە ماتارىپنى جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت زامانىۋى شەمشەرنى قولغا ئېلىشنى، ماتارىپ - مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ ماشىنىغا تولۇق يەل بېرىلگەن يېڭى چاق سېلىپ چاپتۇرۇپ، ئۇنى ئېچىۋېتىلگەن دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇتەخەسسىلەرنىڭ قارىشىچە، بىكىنمە جايلاردىكى خەلقنى ئېچىۋېتىلگەن رايونلاردىكى خەلققە ئوخشاش ھەر تەرەپتىكى ئېھتىياجلىق بىلىملەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئۆگىنىپ ئۆز جايىغا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىتەلەيدىغان قىلىش — بۇ تەلەپنى ئورۇنداشنىڭ باش ھالقىسى بولۇپ، بۇنداق مۇھىت ھاسىل بولغاندا خۇددى ئاسماندىن ياغقان يامغۇر تۇپراققا سىڭىپ زىرائەت، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارنىڭ ئۆسۈشىگە ئۈن - تىنسىز ياردەم بەرگەندەك، بۇ جايلاردىكى خەلقلەرمۇ دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ۋە ئىنسانىيەت تارىخىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىلىملەرنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۇنى ئۆز جايىدىكى زامانىۋى

كېرەكلىك تېخنىكىلارنى ئۆگىنىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغانلىقتىن، يېزا - بازار كارخانىسى دەپ ئاتىلىۋاتقان سانائىتىمىز ۋە دېھقانچىلىقىمىزنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىكى تېخنىك ئېھتىياجىنى قامداشتا ئىلىم - پەن مائارىپىدىنمۇ تېز ئۈنۈم بېرىپ، يېزىلىرىمىزنىڭ قالاقلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىدا تېخىمۇ تېز ئۈنۈم بېرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەگەر ھازىرقى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ۋە تۈرلۈك تېخنىكىلارنى ئۆگىتىدىغان كۇرسلار يېزىلىرىمىزدا ئومۇملىشىدىكەن، يېزىلىرىمىزدىكى كەڭ ياش - ئۆسمۈرلەر سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزگە ۋە كوللېكتىپقا بولغان چىن ئىخلاس بىلەن مەكتەپلەردىن ئىبارەت بىلىم بۆشۈكلىرىدە تەربىيىلىنىدىكەن، خۇددى ئەنجىشەن ناھىيىسىنىڭ بىر تاغلىق كەنتىدىكى تۈرلەشكە ئوخشاش ئۇلارمۇ ئۇزاققا بارمايلا يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشنىڭ غايەت زور قوشۇنىغا ئايلىنىدۇ - دە، يېزىلىرىمىزنىڭ تېزراق باي بولۇشىغا ئۈمىد تېخىمۇ زور بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال مائارىپنى، تەرەققىي قىلدۇرۇش بىر خىل قانۇنىيەت بولۇپ، ئومۇمىي مائارىپ ۋە تېخنىكا مائارىپىدىن ئىبارەت بۇ شوتىغا دەسسىمەي تۇرۇپ زامانىۋىلىشىشنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىشنى خىيال قىلىش غازىنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەيمەن دېگەندەك كۈلكىلىك ئىش بولىدۇ. بەزى تالانتلىق شەخسلەر ئازراق ئوقۇپ كۆپ ئىجاد قىلغان، ھەتتا تارىختا داشۆدە ئوقۇمىغان كىشىلەر داشۆ قۇرغان مۆجىزىلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارمۇ ئەڭ دەسلەپتە باشقا ئۇستازلىرىدىن ئۆگەنگەن ۋە ئازراق بولسىمۇ مەكتەپ قوينىدا بىلىم ئېلىشنىڭ يولىنى تېپىۋالغان بولۇپ، بۇلار ھەرگىز بەزىلەر دېگەندەك: «مەكتەپتە ئوقۇمىسىمۇ جان باققىلى بولىدۇ» دېگەن جاھانسازلىقنىڭ ئاساسىي بولالمايدۇ.

ھازىر، يۇقىرىدىكى قانۇنىيەتنى پۈتۈن دۇنيا تونۇپ يەتكەچكە، دۇنيادا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ 90 نەچچە پىرسەنتى مەجبۇرى مائارىپنى يولغا قويۇشنى جاكارلاپ بولدى، ئامېرىكىنىڭ بەزى شتاتلىرىدا بالىسىنى ئوقۇتمىغان ياكى بالىسى سەۋەبسىز مەكتەپتىن چېقىپ كەتكەن ئاتا - ئانىلارنى قانۇنىي سوتقا تارتىشمۇ باشلاندى. ھازىر دۇنيادا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ %95ى مەكتەپتە ئوقۇماقتا. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە تولۇق ئوتتۇرا مائارىپى ئومۇملاشماقتا. مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئەقىل كامالىتى بىلەن تېزلىكتە يۇقىرى كۆتەرمەكتە. دۇنيانىڭ بۇنداق يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ مېڭىش ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنياغا كۆزكۆز بولۇش، كەلگۈسى دۇنيادا بولىدىغان تەبىئىي تاللىنىشتا ئۆزىنى ساقلاش چارىلىرىنى مائارىپ ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇشنى مۆلچەرلەپ ئالغا باسماقتا. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن دۇنيا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى مائارىپ بىلەن زىچ باغلاپ چۈشەنمەكتە ۋە مائارىپنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشتىكى مىسلىسىز رولىنى بارغانسېرى كەڭ قۇلاچ تاشلاپ تەرەققىي قىلىۋاتقان يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرى بىلەن باغلاپ چۈشەنمەكتە. راست دېگەندەك، مائارىپ ئۆز يەرلىرىنىڭ ئەھۋالىغا، ئەقلىي قابىلىيىتىگە سىستېمىلىق ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋە ئۆز زامانىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم بازا بولغانلىقتىن، مائارىپسىز ئالدىنقىلار ئىجاد قىلغان ئەقىل مېۋىلىرىگە سىستېمىلىق ۋارىسلىق قىلىش ۋە شۇ ئاساستا يېڭى ئىقتىدار يارىتىش مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ پەن - تېخنىكا بىلەن مائارىپنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولۇپ، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىلىم - پەن مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىلىم - پەن مائارىپى پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم بازا بولىدۇ. پەن - تېخنىكىدا بارلىققا كېلىدىغان بارلىق ئىجادىيەتلەر پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ بىلىم ئاساسىدىن ئايرىلالمايدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بىلىمىنىڭ ئاز - كۆپلىكى، يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ئۇلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىلىم - پەن مائارىپى يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرغان ئىلىم - پەن قابىلىيىتىنى ئاچىدۇ - دە، بۇنداق

ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچكە ئايلاندۇرالايدۇ. ئېچۋېتىلگەن مۇنداق مۇھىت بۇ جايلاردىكى خەلقلەرنىمۇ بارلىق جانلىقلارنىڭ ماددا ئالمىشىش جەريانىدا ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ ماڭغىنىغا ئوخشاش يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەبىئىي تاللاش جەريانىدا تەبىئىي مۇھىتقا ئۇيغۇنلاشقان جانلىقلار ئۆلمەي، كۆپىيىپ، ئۇيغۇنلىشالمىغان جانلىقلار ئىلگىدەپ تۈگەپ كەتكەنگە ئوخشاش، زاماننىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئارقىسىدا ئويغىنىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇچۇرنىڭ قاندىقلىقىغا قاراپ ئويغىنىش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئادەم سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان ئۇچۇرلار يەتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان مەيداندىلا ئۆزىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ، تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ ۋە مېڭىسىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئاچالايدۇ. تۆۋەن سەۋىيىلىك سۈپەتتە ناچار بولغان ئۇچۇرلار ئارقىسىدا پەقەت تەبىئەتكە ئۇيغۇنلىشىدۇ ۋە تۆۋەن سەۋىيىدە تەكرارلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن غىدىقلىغۇچى ئۇچۇرنىڭ سانىنى كۆپەيتىش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، يەتكۈزۈلۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش، ئۇچۇرنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كۆپ كۆرۈش، كۆپ ئاڭلاش، كۆپ يېزىش، كۆپ ئويلاش، كۆپ خاتىرىلەش، كۆپ تەربىيىلەش، ھەر خىل ئىلمىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق مېڭىنى چوڭقۇرلاپ قوزغاش كېرەك. ھازىرقى كۈندە ئۇچۇر يۈكسەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە بىلىم پارتلاۋاتقان بولغاچقا، ئەگەر ئۇچۇرنىڭ غىدىقلاش سۈپىتى تۆۋەن بولغاندا، كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى تولۇق ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇچۇرلارنىڭ يەتكۈزۈلۈش توغرىلىقىنى، سۈرئىتىنى، سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، چوڭ مېڭىنى ھەقىقىي تۈردە غىدىقلاش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى بىلىش ھەم ئۆزگەرتىش مەقسىتىگە يېتىشىگە ياردەم بېرىش كېرەك. ئىلمىي ئەسلىھەلەر يۈرۈشلەشمىگەن ۋە يېڭى مەدەنىيەت ئاساسىي تولۇق ھازىرلانمىغان يېزىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇنداق سەۋىيىلىك ئۇچۇرلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ تېزلىكتە خەلققە سىڭدۈرۈش مۇھىتىنى ماتارىپ شەكلى ئارقىلىق تېزلىكتە شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش مۇھىتىنى ياخشىلاشتا پۈتكۈل ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئادەملەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى قوغدايدىغان مەدەنىي مۇھىتلار مۇھىم رول ئوينايدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا ئوخشاش سىياسىي پرىنسىپلا يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ، ئەمما، پۈتكۈل ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا لايىقلاشتۇرۇشقا، ياش ئەۋلادلارنىڭ يېتىلىشىگە ئومۇميۈزلۈك ئاساس سالىدىغان ۋە داۋاملىق تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان نېگىزلىك ئامىل ماتارىپ بولۇپ، ئۇ ھازىرقى كۈندە ئىنسانىيەت تارىخىدا جۇغلانغان مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرى ئارقىلىق ئەقلىمىزنى نۇرلاندۇرۇپلا قالماستىن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەقلىي قابىلىيىتىمىزنى چەكسىزلىككە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مۇھىم بازا، شۇنى بىلىش گەرچە مىنىمۇم ۋە كۆپچىلىك ئادەم بىلىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئەمما، بۇنداق مۇھىم ئىشقا بىخوتلۇق قىلىش بارلىق چوشكۇنلۇقلەرنىڭ سەۋەبكارى بولغانلىقتىن، مىڭ قېتىملاپ تەكرارلاشقا ئەرزىيدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا قارايدىغان بولساق، ياۋايىلىقتىن مەدەنىيلىككە، نادانلىقتىن ئىلمىيلىككە ئۆتۈشتە ئىنسانلار ئاساسلىقى تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەشكە ۋە تەدبىقلاشقا تايىنىدۇ. ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ چاپسانلىق بىلەن ئىلگىرىلىشى ئادەم مېڭىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە تايىنىدۇ. يەنى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا تايىنىدۇ. ئىنسانلار تارىخىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئۆتكەن ئەجدادلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىيات نەتىجىلىرى ئاساسىدا يېڭى ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېڭى بىلىشكە ئىگە بولغاندىلا، ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەجدادلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ تېخىمۇ يۈكسەك تەرەققىيات چوققىسىغا چىقىشى ئۈچۈن پەلەمپەي بولىدىغان چەكسىزلىك ھاسىل قىلالايدۇ. ماتارىپ ئەنە شۇنداق ئالدىنقىلارنىڭ كۈچىنى ئېچىپ يېزا ئىگىلىكىگە تەقدىم قىلىدىغان ئەڭ نېگىزلىك ۋاستە بولىدۇ. پەن - تېخنىكا ماتارىپى ساناەت ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقا

مۇشۇنداق بىر خۇسۇسىي مەكتەپ ئارقىلىق بۇ يېزىدا ۋە ناھىيەدە زور ئۆزگىرىش بولغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى ئولتۇرغۇن ئاددىي ئادەملەرلا ئەمەس، بۇ يەرگە ئۆتۈش باشقا ئۆلكىلەردىكى ئاتا ـ ئانىلار، ھەتتا پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورۇنلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلارمۇ بالىلىرىنى بۇ مەكتەپكە بېرىشكە باشلىغان.

ئەمما، ھازىرقى يېزىلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىدا مۇشۇنداق ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇندىغىلى بولامدۇ؟ راست گەپ قىلغاندا، ئاشۇنداق بىر خۇسۇسىي مەكتەپ قىلغان ئىشنى قىلالمىغان جايلار خېلى بار. بىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئولتۇرغۇن يېزىلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، بۇ يەرلەردە ئادەملەر خىل بولسىمۇ، ئىقتىساد ئارقىدا. لېكىن زامانىمىزنىڭ بىلىمى بىلەن قوراللانسىلا، باشقا يۇرت خەلقىدىن ئۆتۈپ كەتكىدەك روھ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. بىراق، بۇ يەرلەردە تاكى ھازىرغىچە فېئوداللىزمدىن مىراس قالغان ناتورال ئىگىلىك ۋە ئەنئەنىۋى يېرىم ناتورال ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، سىيالكا بىلەن تۇرۇق سېلىش قاتارلىق بىر نەچچە تۇرلۇك ئىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئائىلىلەرنى بىرلىك قىلغان ھالدا دېھقانچىلىقنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدىكى پائالىيەتلىرىنى ئورۇندايدۇ. ھەر بىر ئائىلە ئۆز ئىستېمالىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشتا چىڭ تۇرىدۇ. ئاز ساندىكى دېھقانلارنىڭ ئىدىيىسىدە ئىلمىزدە مىڭ يىللاپ ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىزم جەمئىيىتىگە خاس بېكىنمىچىلىك كۆز قارىشى ۋە كونىلىققا يېپىشىۋېلىش كۆز قارىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ناتورال ئىگىلىكنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەنلا قانائەتلىنىدۇ، خېلى كىشىلىرىنىڭ كۆڭلى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان سىرىقتالچىلىقتا ئۆتكەچكە، ھازىرقى ياخشى ۋەزىيەتتە يارىتىلغان تۇرمۇشنى ئەڭ زور باياشاتلىق ھېسابلاپ، شۇ ھالەتنى ساقلاپ تىنچ ـ بىخارامان ئۆتۈشنىلا خالايدۇكى، پارتىيىمىز چاقىرىۋاتقان تېخىمۇ يۇقىرى تۇرمۇش ئۈچۈن رىقابەتلىشىشنى خالىمايدۇ. ھەتتا ئايرىم ساندىكىلەر سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت جەمئىيىتى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئادەملەرنى ئەتراپلىق يېتىشتۈرىدىغان جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ساۋاتسىزلار ئىچىدىكى ياش بالىلارمۇ پەن مەدەنىيەت ئۆگىنىشنى تاغ يۈتكەشتىن قىيىن بىلىپ، ھازىرقى زامان ماتارىيەدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يۈرىدۇ. ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر خۇددى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن زىتلاشقاندەك قىلىپ، ئىلىم ـ پەن تەرغىباتچىلىرى ۋە خوتۇن ـ قىزلارنى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ زامانىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ياشىشىغا ۋە شۇنداق تەشەببۇستا بولغۇچىلارغا ئەتۈر قارايدۇ. ئۇنداق ئادەملەر ئۆز يۇرتىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ قويۇلغان پاجىئەدىن چۆچۈمەي، بالىلىرىنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتۇشنىمۇ ئالۋاڭ ـ ياساق ئورنىدا كۆرۈپ، مەكتەپكە بارمىغان بالىلىرى ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەشكە رازى بولىدۇكى، ئۇ بالىلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن قايغۇرمايدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، بەزى ئادەملەر يېزا ئىگىلىكنى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشنى ئاساسلىق بىلىم بازىسى بولغان مەكتەپلەرنى چۈرۈۋېتىپ، پەن ـ تېخنىكا بىلەن ھېسابلاشماي كونا قېلىپتا دېھقانچىلىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتكەن، ناھايىتى كۆپ ياش ـ ئۆسمۈرلەر ساۋاتسىز قالغان، ئوقۇغان ۋە يېزا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشكە ھەسسىسى تېگىدىغان خوتۇن ـ قىزلار پارتىيىنىڭ سىياسەت، پەرمانلىرى ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ئۆگىنىدىغان سورۇنلاردىن سىقىپ چىقىرىۋېتىلگەن. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم قارار چىقىرىپ چىڭ تۇتۇشتىن بۇرۇن بەزى يېزىلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشنى تاشلاپ تارقىلىپ كەتكەنلىكى، بەزى يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرىدا بىرەر پارچە پەن ـ تېخنىكا كىتابىنىڭ بولماسلىقى، ساۋاتسىز ياشلارنىڭ خىجىل بولماي گىدىيىپ يۈرۈشى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ ئائىلىلىرىگە بەخت قوشۇشنى باشلاپ كېلىۋاتقان ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلارنى ھايۋانلارغا ئوخشىتىپ تىل سېلىشى، مازاق قىلىشى مانا مۇشۇنداق ئىدىيىلەرنىڭ تىپىك ئىپادىلىرىدۇر.

بۇ ئىللەتلەر كىشىلەردىن بىلىم سورۇنلىرىغا پەرۋانە بولۇش، پەن ـ مەدەنىيەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈش

مۇھتاجلىقنى بىر قەدەر سەۋىيىلىك بولغان بىر تۈركۈم ئىختىساسلىقلارنى ۋە ماشىنا زاپچاسلىرىنى سىرتتىن يۆتكەپ كېلىپ قىسمەن قاندۇرغىلى بولسىمۇ، يېزىنىڭ قىياپىتىنى بەلگىلەيدىغان ئەسلىھەلەر ۋە ھەر بىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكىگە يارىشا ئىشلىنىدىغان تۈرلۈك ئىنچىكە تېخنىكا ئېھتىياجلىرىنى تولۇقى بىلەن قاندۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ھازىر ۋە كەلگۈسىدە يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈمىدى ئاساسەن ھەر بىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەربىيىسى كۆرگەن ياشلىرىغا باغلىق بولىدۇ. چۈنكى يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئۇزاق مۇددەتلىك ئىش بولۇپ، يەنە بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاشۇ ياشلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردىكى ئاساسىي قوشۇن بولۇپ قالىدۇ. ھازىر يېزا ياشلىرى ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن يېزا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ياش ئەۋلادلار ئورنىدىن تۇرىدىغانلا بولسا، يېزىلاردا سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تايانچلىرىغا ئايلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئىشىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، يېزىلاردا ئوتتۇرىغا چىققان ئىقتىدارلىق ياشلارغا ۋە كەسپىي باشلامچىلارغا نۇقتىلىق ياردەم بېرىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇلارنى يېتەكلەش ۋە تەربىيىلەش، ھازىرقى ياش - ئۆسمۈرلەر ئىچىدىن تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرنى تەربىيىلەپ، ئۇلارغا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى بېرىپ چېنىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ئۇلارنى ھەر خىل تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە لايىھىلەيدىغان كەسپىي، تېخنىكا جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇشقا، كوللېكتىپ كارخانىلارنى ۋە ھەمكارلىق تەشكىللىرىنى قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش تەقەززاسى ناھايىتى جىددىي ۋەزىپە بولۇپ ئالدىمىزغا قويۇلدى.

بۇنداق ۋەزىپىنى تونۇپ يەتكەن بەزى جايلار يېزىلارغا كېرەكلىك پەن - تېخنىكىنى نەزەردە تۇتقان مائارىپ شەكىللىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كىرىشىپ، خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە باشلىدى. «زامانىۋى ئادەم گېزىتى» نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، غەربىي جياڭشى رايونىدا تاڭ يۇشاڭ دېگەن بىر مۇئەللىم مۇنتىزىم مەكتەپتە ئىشلەيدىغان دۆلەت شتاتىدىكى مۇئەللىم بولۇپ، ئۇ يېزىلاردىكى كەمبەغەللىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، پەن - مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغانلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇ يۇرتىنىڭ مۇنداق نامراتلىقتا قېلىشىدىن ۋىجدانىي ئازابقا قالغان. خەلق زىيالىيسىنىڭ توپ ۋەزىپىسى — خەلققە بىۋاسىتە پايدا يەتكۈزۈش دېگەن ئەقىدە بىلەن دۆلەت شتاتىدىن چىقىپ بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن ئۆزىنىڭ تاغلىق يۇرتىغا بېرىپ ئۆز ئالدىغا خۇسۇسىي مەكتەپ قۇرغان. ئۇ مەكتەپ قۇرغان ئەنجۈمەن ئەسلىدە ھەر يىلى 5000 ئوقۇغۇچى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ 1/6 قىسمى تولۇق ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان قالاق جاي ئىكەن. تاڭ يۇشاڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئۆز يۇرتىنى قالاق ھالەتتە قېلىشتىن قۇتۇلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئۆزى 100 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ، قالغان پۇلنى قەرز ئېلىش بىلەن جەمئىي 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ خۇسۇسىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، يەنە كېلىپ بۇ مەكتەپنى تاڭ ئائىلىسىنىڭ قالدۇرۇق يېرىگە سالغان، ئاكىسى ئۈچ قەۋەتلىك بىناسىنى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق قىلىشىغا بەرگەن. ھازىر ئۇنىڭ گەدىنىدە 30 مىڭ يۈەن قەرز بار ئىكەن. ئۇنىڭ مەكتىپىدە 28 مۇئەللىم بولۇپ، بۇلار خاڭجۇ قاتارلىق شەھەرلەردىن ئەكەلدۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ مائاشى ۋە ئوقۇتۇش خىراجىتىنى تاڭ يۇشاڭ ئىئانە بىلەن ھەل قىلغان. ھەر بىر ئوقۇغۇچى ھەر يىلى 200 يۈەندىن پۇل تاپشۇرغان. ئوقۇتقۇچىلار خىل، ئوقۇتۇش ئەستايىدىل بولغانلىقتىن، سەككىز يىلدىن بۇيان بۇ خۇسۇسىي مەكتەپتە 400 ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرىنى لاياقەتلىك پۈتتۈرگەن، 200 ئوقۇغۇچى ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكۇملارغا ئۆتكەن. بۇ مەكتەپتە يېزىلارغا ئېھتىياجلىق پەن - تېخنىكىنىمۇ نۇقتىلىق ئۆتكەچكە، 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ناھىيە ۋە يېزا قۇرغان كارخانىلارنىڭ تېخنىك تايانچىسى بولغان، 13 ئوقۇغۇچى ئۆز كەنتىدە ئاتاقلىق كەسپىي ئائىلىلەردىن بولۇپ چىققان، 12 كىشى يېزا مەكتەپلىرىدە مۇئەللىم بولغان. مۇشۇنداق نەتىجىلەر بىلەن خۇسۇسىي مەكتەپ بۇ تاغلىق رايوندا پەيدىنپەي ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپلەردىن ئۆتۈپ كەتكەن.

ماائارىپ كىشىلەرگە قانچىلىك ئۇزلەشسە، بۇ يوشۇرۇن قابىلىيەت شۇنچىلىك دەرىجىدە ئېچىلىپ، جەمئيەتنىڭ پەن - تېخنىكىسى راۋاجلىندۇ. شۇڭا، دۇنيادىكى خېلى كوپ دۆلەتلەر بەش ياشتىن تاكى تولۇپ كەتكىچە بولغان بارلىق ئاھالىنى ماائارىپنىڭ تۇرلۇك شەكىللىرىدە تەربىيلىمەكتە. بۇ ئەھۋال ھازىرقى كۇندە ماائارىپنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئادەم يېتىشتۇرۇشتىكى مۇھىم ئورنىنى تونۇش ۋە ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ماائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، شۇنداقلا ماائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۇللەندۇرۇشتىكى ئالدىنقى مەسىلە ئىكەنلىكىنى چۇشەندۇرۇپلا قالماستىن، ناھايىتى كوپ مەبلەغ سالالمىغان تەقدىردىمۇ ماائارىپقا سەل قاراش، بالىلار ئوقۇشىسىز قېلىۋاتسىمۇ پەرۋا قىلماسلىق،كەلگۇسى ئىستىقبالىمىزغا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، تارىخىي جىنايەتكارلىق بولىغا مېڭىش ئىكەنلىكىنىمۇ چۇشەندۇرىدۇ.

بۇ يىل قىشتىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يېزىلاردا ماائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش زور كۇچ بىلەن تۇتۇلغانلىقتىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ كاللىسى يورۇپ يۇرىكىگە ئوت تۇتاشتى.خېلى كوپ يېزىلاردىكى دېھقانلار ئوتتۇرا مەكتەپكە بارمىغان باللىرىنى كوزلىرىگە بەخت يېشى ئالغان ھالدا داقا - دۇمباق بىلەن مەكتەپكە ئۇزاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۇللەندۇرۇشنى پىلانلىرىغا زور - شوق بىلەن قاتناشتى. بەزى دېھقانلاردا ساقلانغان «دېھقاننىڭ بالىسى مىڭ ئوقۇسىمۇ كادىر بولالمايدۇ، شۇڭا ۋاقتىدا كۆتىنى قىسىپ پادىسىنى باققىنى ياخشى» دەيدىغان قاراشتا يېگىلىنىش بولۇپ، ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا بېرىش ئۇچۇنلا ئەمەس، نەدىلا بولسا ئىشلىيەلەيدىغان ئىختىساسلىقلاردىن بولۇش ئۇچۇن، يېزىلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى تەربىيلەپ بېرىش ۋە يېزىلارغا كادىر يېتىشتۇرۇشتىن ئىبارەت بىرلا رولىنى تەكىتلەپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىش ۋە خەلقنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۇچۇن كارغا كېلىدىغان سۇپەتلىك ئەمگەكچى - يېزا پەن - تېخنىكا ئاپانچىلىرىنى يېتىشتۇرىدىغان، تۇز يۇرتىنى گۇللەندۇرىدىغان، تېخىمۇ مۇھىمى،رولىنى ئىنكار قىلىدىغان قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتى.

دۆلىتىمىزنىڭ 800 مىليون ئاھالىغا ئىگە يېزا ئىگىلىكنى ئاساس قىلغان دۆلەت، ھەممىدىن ئاۋۋال يېزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالنى ياخشىلاشتا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، زامانىۋىلىشىش يۈزلىنىشىگە ماسلاشقان يېزا ئىگىلىكىدە بىلىملىك، پەن - تېخنىكا بىلىدىغان دېھقانلارغا بولغان ئېھتىياجنىڭ ھەسسىلەپ ئۇسۇپ بارىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ئەنە شۇنداق دېھقانلار دۇنياسىدۇر. ئەگەر ماائارىپنى ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەممە يېزىلاردا سۇپىتى يۇقىرى دېھقانلارنى يېتەرلىك يېتىشتۇرگەندە، يېڭى تىپتىكى راۋاجلانغان سوتسىيالىستىك يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ ھەتتا شەھەرلەردىنمۇ باياشات تۇرمۇشقا ئىگە بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، تەدرىجىي ھالدا ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىشتىن باشقا يۇرتنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۇللەندۇرىدىغان كوممۇنىزملىق غايە ۋە زامانىۋى قۇرۇلۇش بىلىمىگە ئىگە ياشلارنى تەربىيلەش ئۇچۇن، كىشىلەر ماائارىپقا ئومۇميۇزلۇك كوڭۇل بولىدىغان ۋەزىيەتنى تەدرىجىي ھالدا شەكىللەندۇرۇپ، ساۋاتسىز قالغان ياشلارنىمۇ يۇرۇنقى قىلمىشلىرىنى ئەسلەپ، ئەقىل ئىشلىتىپ ۋە ئەقىلنىڭ كامالىتىنى ئىزدەپ تۇرۇپ ئىگىلىكنى گۇللەندۇرۇشكە ئاتلاندۇرۇش، بىلىمسىز تۇرۇپ زامانىۋىلىشىمىز دەپ ھاماقەتلىك قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇزلىرىنى يېڭى تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ھۇنەر، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ بولۇشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

ناھايىتى ئېنىق ھۆكۈم قىلىش كېرەككى، يېزىلىمىزدىكى كەڭ ياش - ئۇسمۇرلەرنىڭ ئۇزىلا يوشۇرۇنۇپ ياتقان غايەت زور پەن - تېخنىكا كۇچى بولۇپ، ئۇلاردىكى ئەقىل بۇلىقى ماائارىپ شەكلى بىلەن ئېچىلمىغانلىقى ئۇچۇنلا ۋاقتىنچە كۇزىمىزگە يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۇللەندۇرۇشكە ئەسقاتمايدىغاندەك كورۇنۇپ تۇرغان گوھەرلەردۇر. ئەگەر ئالدى بىلەن ئۇزىمىز يېزا ئىگىلىكىدە پەن - تېخنىكا كۇچىدىن پايدىلىنىشتا

(ئاخىرى 34 بەتتە)

# يۇقىرى ئۈنۈملۈك چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا

سۇن جىنگوي

يۇقىرى ئۈنۈملۈك چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش — ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقتىن تاۋار چارۋىچىلىقىغا ئۆتۈشتىكى زور ستراتېگىيىلىك يۆتكىلىش، چارۋىچىلىق تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى بىر مەيدان ئىنقىلاب.

يۇقىرى ئۈنۈملۈك چارۋىچىلىق دېگەندە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە، چارۋىچىلىقنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، بىرلىك مەھسۇلاتنىڭ مىقدارى كۆپ، سۈپىتى ياخشى بولۇش، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەر قايسى جايلار يۇقىرى ئۈنۈملۈك چارۋىچىلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ۋە تېخنىكا شارائىتىغا ئاساسەن، سۈپەتلىك نەسىللەرنى يېتىشتۈرۈشى، يەم - خەشەكنى پىششىقلاپ ئىشلىشى، تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە ئۇنى داۋالىشى، سېتىۋېلىش - پىششىقلاپ ئىشلەش، ساقلاش - توشۇش - سېتىش قاتارلىق يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مۇلازىمەت مېخانىزمىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى، دېھقانچىلىق بىلەن سودىنى، شەھەر بىلەن يېزىنى بىر گەۋدە قىلغان ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاۋىچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە ياخشىلاپ، يەم - خەشەك كۆپ سەرپ قىلىنىدىغان، ئەمما ئاز مەنپەئەت بېرىدىغان چارۋا مال سورتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەم - خەشەك ئاز كېتىدىغان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك چارۋا ماللارنى زور كۈچ بىلەن كۆپەيتىپ، بايلىق قۇرۇلمىسىغا ماس كېلىدىغان، يەم - خەشەك تېجىلىدىغان چارۋىچىلىق قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم.

يېڭى چارۋىچىلىق تەرەققىيات سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتا مۇنداق بىر نەچچە ئىشنى تۇتۇش كېرەك:

1. سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك چارۋىچىلىق مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش. چارۋىچىلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا، جۇغلانما مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە كۈچەيتىپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. چارۋىچىلىقنىڭ تاشقى قىسمىدا، قۇرۇلما تەڭشەش نىشانىنى توغرىلاپ، سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش لازىم. ھازىر، ئومۇمەن ئالغاندا مۇنداق بىر نەچچە يول بار: (1) مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى جەھەتتە چارۋىچىلىققا سېلىنىدىغان مەبلەغنى، بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى كۆپەيتىش؛ (2) چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش فوندى بەرپا قىلىش؛ (3) مەبلەغ سېلىش، مەنپەئەت ئېلىش مۇناسىۋىتى ۋە چارۋىچىلىقنىڭ سېلىشتۇرما مەنپەئىتىنى تەڭشەش ئارقىلىق، يېزا، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى سالىدىغان مەبلىغىنى كۆپەيتىشكە سەپەرۋەر قىلىش، دېھقانلارنى مەبلەغ سېلىشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قىلىشتا چىڭ

---

ئاساسلىقى پەن - تېخنىكىدىن مەلۇماتى بار يېڭىچە دېھقانلارغا تايىنىدىغانلىقىمىزنى ۋە بۇنداق دېھقانلارنىڭ ئاساسلىقى يېزا مەكتەپلىرى ئارقىلىق تەربىيىلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتسەك، بۇ گۆھەر كاننى بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ قېزىشقا بولىدۇ.

ھازىرچە يېزا مەكتەپلىرىدە بىۋاستە يېزىلىرىمىز ئۈچۈن ئىشلەيدىغان تېخنىكلارنى تەربىيىلەپ چىققىلى بولمىسىمۇ، مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق بارا - بارا ھەر جايدىكى مەكتەپلەر شۇ جاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان تېخنىكا بىلىملىرىنى تولۇقلاپ ئۆتۈش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنى بارغانسېرى يېزىلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشكە يۈزلەندۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان تۈزۈشكە كىرىشكىنىمىزدە بولسا، يېزىلارنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشنى چۆرىدىگەن مۇنداق مائارىپ دولقۇنى گۈزەل كېلەچەكتىن خەۋەر بېرىدىغان ئۇلۇغۋار ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ. بىز بەختىمىزنى پۈتكۈل دۇنيا تارىخى ئىسپاتلىغان ۋە كۆللى دۇنيا ئورتاق مېڭىۋاتقان مۇشۇنداق ئورتاقلىقتىن تاللىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

تورۇش؛ (4) كارخانا ۋە مەمۇرىي ئورۇنلارنى تۈزلىرىدە بار مەبلەغدە ياكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق فوندىدا يەم - خەشەك مەيدانى قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش؛ (5) قوتقۇزۇش بېرىشنىڭ ئورنىغا مۇكاپات بېرىشنى يولغا قويۇش؛ (6) خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تورۇش فوندى بەرپا قىلىش.

2. يەن - تېخنىكا ئارقىلىق چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مېخانىزمنى بەرپا قىلىش. ھازىر، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسىدا ئىككى تۈرلۈك ئىسراپچىلىق ساقلانماقتا: بىرى، تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش يېتەرسىز. يەنە بىرى، تېخنىكا قوللىنىش تارقاق، تۈقۇل بولۇپ قىلىش، ئۈنۈۋېرسال تېخنىكا مەنپەئىتى تۆۋەن. بۇنداق ئاجىزھالقىلارنى تۈگىتىشتىكى ئاچقۇچ يەن - تېخنىكا بىلەن ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشتۈرۈلگەن ھەرىكەت مېخانىزمنى بەرپا قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلىنىدىغان تېخنىكىلارنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، ھەمدە ئۇنى يەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئەمەلىي گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئىگىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يۈرۈشلەشتۈرۈپ يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەڭ دېھقانلارنىڭ يەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك چارۋىچىلىقنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك تەدبىر سۈپىتىدە تۇتۇش لازىم.

3. بازار ئېچىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك چارۋىچىلىقنىڭ ئالماشتۇرۇش مېخانىزمنى بەرپا قىلىش. بازارنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى چارۋىچىلىقنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشى ۋە ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئۈتكەندە ئۈنۈملۈك تەڭشەش تەدبىرلىرى كەم بولغاچقا، مەھسۇلات كەم بولغاندا قىسسقارتىۋېتىش، ئاز بولغاندا ۋەزىيەت قوغلىشىش، سېتىۋېلىشمۇ تەس، سېتىشمۇ تەس بولغان مەسىلەر پات - پات يۈز بېرەتتى. يۇقىرى ئۈنۈملۈك چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنى دەۋر قىلىپ، ئوبوروت ساھەسىدىكى ئىسلاھاتنى دادىل ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، 1) چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلاتى مەركەزلىك چىقىدىغان جايلاردا كەڭ دائىرىلىك مەخسۇس چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى توپ ساتىدىغان بازارلارنى قۇرۇش؛ 2) چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى قەرەللىك سېتىش بازارلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ 3) تايانچ چارۋىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. دېھقانلار بىلەن پايدىنى تەڭ شېرىك بولۇش، خىيىم - خەتەرگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشتەك ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمنى ئورنىتىپ، چارۋىچىلىق - سانائەت - سودىنى بىر گەۋدىلەندۈرۈشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاندىن كېيىن رايوندىن ھالقىيدىغان بىرلىشىشنى يولغا قويۇپ، چارۋىچىلىق كارخانىلىرى گۇرۇھىنى قۇرۇش كېرەك. بازار قۇرۇلمىسى تېخى مۇكەممەل بولمىغان، ئوبوروت راۋان بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، دېھقانلارنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرى كوپىراتىپى ۋە سېتىش جەمئىيىتىنى قۇرۇشنى پائال قوللاپ، دېھقانلارغا تايىنىپ يېزىلاردىكى تۈرلۈك تارقاق كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ كۈچلۈك تەشكىلاتقا ئايلاندۇرۇش ھەم ئىشلەپچىقىرىش - تەمىنلەش - سېتىشتىكى ئەمەلىي مەسىلەرنى ھەل قىلىش لازىم. بۇ ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك چارۋىچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(مۇساجان روزى تەرجىمىسى)

(بېشى 43 - بەتتە)

ئىشلىرىمىزغا نىسبەتەن پىشانە ۋە قۇدرەتلىك ئالغا ئىلگىرىلىتىش قورالى. بۇ قورالنىڭ رولى ۋە قۇدرىتىنى كۆكلەندىكدەك جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ پارلاق يېڭى باھارىنى يارىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش - پۈتكۈل ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىمىزنىڭ، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان شەرەپلىك ۋەزىپىسى.

# ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر ئالتە چوڭ پىلانى

دۆلەتلىك پەن - تېخنىكا ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى: بۇ پىلانى 1983 - يىلى يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان، بۇ پىلان بويىچە دۆلەت خەلق ئىگىلىكىدە زور ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە بىر تۈركۈم پەن تەتقىقات تېمىلىرىنى تاللاپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئۇيۇشتۇردى. 6 - بەش يىللىق، 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈرلەرنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى ئورۇندالدى. 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يېزا ئىگىلىكىدە پەن- تېخنىكا ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا، سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق، نەسىللىك چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق مەھسۇلاتلارنى ھەر تەرەپلىمە تىزگىنلەشنى نۇقتىلىق تۇتۇش پىلانلانغان. سانائەتتە پەن - تېخنىكا ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا، يېڭى تېخنىكىنىڭ ئەنئەنىۋى سانائەتتە قوللىنىلىشى ياخشى تۇتۇلۇپ، يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ئېنېرگىيە، بىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش، ھېسابلاش ماشىنىلىرىنىڭ يۇمشاق بۇلەكلىرى قاتارلىق ساھەلەردىكى چوڭ تۈرلەر نۇقتىلىق ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ.

ئۇچقۇن پىلانى. بۇ پىلان 1986 - يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان، ئۇ، ئېلىمىزنىڭ 80 - يىللىرىدىكى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى تۇنجى پەن - تېخنىكا پىلانى، بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنى: يېزىلاردا ئەمەلىي تېخنىكا نەتىجىلىرى ۋە تېخنىكا ئۇسكۇنىلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش، يېزىلاردا پەن - تېخنىكا يېتەكچى قىلىنىدىغان ئۈلگىلىك كارخانىلارنى قۇرۇش، دېھقانلار ئارىسىدىن ئىختىساسلىق كەسپىي تېخنىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە «ئۇچقۇن پىلانى» يولغا قويۇلۇپ، دۆلەتكە 7 مىليارد 500 مىليون يۈەن پايدا - باج، 3 مىليارد دوللاردىن كۆپرەك تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى. سېلىنغان مەبلەغ بىلەن مەھسۇلات قىممىتىنىڭ نىسبىتى 1:5 تىن ئاشتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە يېزىلار ئۈچۈن 6 مىليون 500 مىڭدىن كۆپرەك ئىختىساسلىق خادىم يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى.

8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە «ئۇچقۇن پىلانى» تۈۋرۈكلۈك كەسىپ ۋە رايونلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇلۇشىدا مۇھىم نۇقتا، كۆلەملىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىدا يېتەكچى قىلىنىپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى پەن - تېخنىكا جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. مەملىكەت بويىچە 300 تۈرلۈك كەسىپ ۋە ھەر جەھەتتىن تەرەققىي تاپقان 100 رايون ھەمدە ئۇنىڭغا ماس مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، باب كېلىدىغان 100 يۈرۈش ئىلغار تېخنىكا ئۇسكۇنىسى تەتقىق قىلىپ ياسىلىدۇ. 2 مىليون پەن - تېخنىكا خادىمى تەربىيىلىنىدۇ. تاۋارلىشىشنىڭ ئالدىنقى مەزگىلدىكى تۈرلەردىن 100 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، «ئۇچقۇن پىلانى» دىن ئىبارەت 100 تۈر تاللىنىپ، كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ.

مەشئەل پىلانى. بۇ، يېڭى، يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ تاۋارلىشىشى، يېڭى، يۇقىرى كەسىپنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان پىلان. ئۇنىڭ مەقسىتى — ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ تاۋارلىشىشى، يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنىڭ خەلقئارالىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. ھازىر، «مەشئەل پىلانى» ئاساسەن مىكرو ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، ئۇچۇر، لازېرنۇر، يېڭى تىپتىكى ماتېرىيال، بىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش، يېڭى ئېنېرگىيە ۋە ئېنېرگىيىنى ئۈنۈملۈك تېجەش قاتارلىق تېخنىكىلار ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى مەزمۇن قىلىدۇ. «مەشئەل پىلانى» نىڭ ئوبيېكتى دۆلەتنىڭ يۇقىرى تېخنىكا تەرەققىيات پىلانىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن باشقا، يەنە ھەرقايسى ساھە، كەسىپلەرنىڭ قىسمەن پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پىلان 1988 - يىل 8 - ئايدا يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دەسلەپكى سىستېما شەكىللەندى. ئۈچ يىلدا دۆلەت دەرىجىلىك تۈردىن جەمئىي 600 گە يېقىن تۈرنى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەملىكەت بويىچە 27 دۆلەت دەرىجىلىك يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپ رايونى قۇرۇلدى. 1990 - يىلى «مەشئەل پىلانى» ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان ئومۇمىي كىرىم 7 مىليارد يۈەنگە يەتتى. 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە «مەشئەل پىلانى» داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا رايونلىرى ياخشى باشقۇرۇلۇپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارنى ئەنئەنىۋى كەسىپلەرگە كېڭەيتىش ۋە سىڭدۈرۈش تېزلىتىلىپ، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ئۆستۈرۈلىدۇ.

يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقات تەرەققىياتى پىلانى. بۇ پىلان «863» پىلانى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ 1986 - يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ پىلان مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، كېيىنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بىر يۈرۈش پەن - تېخنىكا پىلانى. بۇ پىلان 1987-يىلى 3- ئايدىن باشلاپ يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان. بۇ يۇقىرى تېخنىكىنى نەزەردە تۇتۇش، يۇقىرى تېخنىكىغا يېتىشىۋېلىش، نىشانىنى بەلگىلەش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش قائىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە تەسىرى بولغان بىئو تېخنىكا، ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسى، ئۇچۇر تېخنىكىسى، لازېر نۇر تېخنىكىسى، ئاپتوماتلاشتۇرۇش تېخنىكىسى، ئېنېرگىيە تېخنىكىسى ۋە يېڭى ماتېرىيال تېخنىكىسى قاتارلىقلارنىڭ بەزى ساھەلىرىنى بۆسۈش نۇقتىسى قىلىدۇ. نۆۋەتتە، بۇ پىلاننىڭ 20 پىرسەنتكە يېقىن مەخسۇس تۈرلىرىدە دەسلەپكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، «863» پىلانىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ھەرقايسى ساھەلەر 2000 - يىلى نىشانلىق مەھسۇلات بېكىتىلگەن تۈرلەردە جەزمەن ئاچقۇچلۇق تېخنىكا ئۆتكىلىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش؛ داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك تۈرلەردە دۇنيا سەۋىيىسى بىلەن بولغان پەرقنى كىچىكلىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىختىساسلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئاساسلىق تەتقىقات پىلانى. بۇ پىلان — ئېلىمىز پەن - تېخنىكا تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ 3 - قاتلىمى. نۆۋەتتە، مەملىكەت بويىچە ئاساسلىق تەتقىقاتقا قاتناشقان پەن - تېخنىكا خادىمى 100 مىڭغا، ئۇلارنىڭ تەتقىقات تېمىسى 20 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى. 1984 - يىلدىن بۇيان، دۆلەت 400 مىليون يۈەندىن كۆپرەك خەلق پۇلى ۋە 76 مىليون دوللاردىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، 63 نۇقتىلىق تەجرىبىخانا قۇردى، ھەرقايسى تارماقلار 100 گە يېقىن ئوچۇق تەجرىبىخانا قۇردى. دۆلەت يەنە 700 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، بېيجىڭ مۇسبەت مەنپىي زەررىچىلىك ئېلېكترون سوقۇشتۇرۇش ماشىنىسى، لەنجۇ ئېغىر ئىئون تېزلەتكۈچ ئاپپاراتى، خېفېي ماس قەدەملىك رادىئاتسىيە ئۈسكۈنىسى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئاساسلىق تەتقىقاتىنىڭ قىسمەن ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سەۋىيىسى دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسى بىلەن تەڭلەشتى. 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە تەتقىقات تېمىلىرىنى ئۆزى تاللاش، نۇقتىلىق تېمىلار ۋە چوڭ تۈرلەرنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش تۇتىلىدۇ، ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلىشقا تېگىشلىك پەن تۈرلىرىدىن نۇقتىلىق ھالدا 200 دىن 300 گىچە تۈر تاللىنىدۇ؛ دۆلەت يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ياكى ئېلىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك بايلىقىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرالايدىغان، دۆلەتنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان چوڭ تۈرلەرنى تاللاپ بېكىتىپ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بۇ تۈرلەرنى يولغا قويۇشنى ئۇيۇشتۇرىدۇ.

پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى نۇقتىلىق كېڭەيتىش پىلانى. بۇ پىلان 1990 - يىلى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇنىڭ مەقسىتى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىشىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش، پىلانلىق ھالدا تاللانغان ئىلغار پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق جەڭ مەيدانلىرىغا كىرگۈزۈپ، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت كۈچلىرىنى يېزىلاردا زاۋۇت، كان، كارخانىلاردا بۇ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە يولغا

قويۇشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، پەن - تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادنىڭ زىچ باغلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سانائەتتە پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم ئۇقتىلىرى ئېنېرگىيە مەنبەسى، قاتناش، خام ئەشيا - ماتېرىيال قاتارلىق ئاساسلىق سانائەت تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغان پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئېنېرگىيە تېجەش، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى ئازايتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۈرلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىكىدە پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم ئۇقتىلىرى ئاشلىق، پاختا، ياغلىقدان زىرائەتلىرىدىن كەڭ كۆلەمدە مول ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسىدىن ئىبارەت، مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان تۈرلەردىن 100 نى، مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون يۈەنگە يەتكۈزىدىغان تۈرلەردىن 1000 نى ياخشى تۇتۇش؛ مەھسۇلات قىممىتىنى 50 مىليارد يۈەندىن 80 مىليارد يۈەنگە، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى 15 مىليارد كىلوگرامدىن 20 مىليارد كىلوگرامغىچە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

---

(بېشى 20 - بەتتە)

پرىنسىپىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل تەقسىمات شەكلى ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ تەلىپى ۋە تۈپ پرىنسىپىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگىمۇ تامامەن ئۇيغۇن، چۈنكى بىز پەقەت كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقاتقاندىلا، ئاندىن كاپىتالىزمنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى تۈپتىن ئۆزگەرتەلەيمىز. سوتسىيالىزم تۈزۈمى بولسا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى بولۇپ، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىك. ھالبۇكى، دېموكراتىك سوتسىيالىزم خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئۆزگەرتىشنى قايرىپ قويۇپ، سوتسىيالىزمنى تىلغا ئالماقتا. ئۇنداق قىلىش پەقەتلا سوتسىيالىزمنى يولغا قويۇشنى خام خىيال قىلىپ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە كاپىتالىزمنى قوغداشتىن ئىبارەت. ئۇلار سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە «ئارىلاشما ئىقتىسادىي تۈزۈم» نى يولغا قويۇپ، «ئەركىن بازار ئىگىلىكى» نى تەسىس قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە ئۆزگەرتىپ، كەينىگە چېكىنىپ كاپىتالىزمنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، دېموكراتىك سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىتى ماركسىزمنى ئۆزىگە پەش قىلىپ تۇرۇپ، ھەم كاپىتالىزمغا، ھەم كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇپ، ئاتالمىش «ئۈچىنچى» يولغا مېڭىشتىن ئىبارەت. لېكىن، ئۇ سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بىر يۈرۈش تۈپ مەسىلە ئۈستىدە ئەمەلىيەتتە بولسا، ئومۇمىيۈزلۈك كاپىتالىزمنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە قىممەت قارىشىغا يېتىشتۇر. ئۇنىڭ بارلىق نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ماھىيەت جەھەتتە بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ئىدىئولوگىيىسىدىن ھالقىپ چىققىنى يوق. ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە يېتەكچى ئىدىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، ماركسىزمنى ئىلمىي سوتسىيالىزم بىلەن قارىمۇ قارشى ئورۇنغا قويىدىغان بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىۋى سىستېمىسىدۇر. شۇڭلاشقا، بىز چوقۇم دىققەت ئېتىبارىمىزنى ۋە يۈكسەك ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، دېموكراتىك سوتسىيالىزم بىلەن ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ساختىلىقىنى، ئالدامچىلىقىنى ۋە خەتەرلىكلىكىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئىلمىي سوتسىيالىزم بىلەن ئىدىيىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، ئۇنى ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

# «نۇتۇق» نىڭ 50 ـ يىللىقى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ پارلاق يولى

قەيۇم تۇردى

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىغا بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى توپتوغرا 50 يىل بولدى.

«نۇتۇق» ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئىلمىي سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇ، ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى خەزىنىسىدىكى مۇھىم ھۆججەت ۋە قىممەتلىك ئىدىيىۋى قورال سۈپىتىدە ئۆتكەن يېرىم ئەسىرلىك تارىخىي جەرياندا، ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى توغرا نىشانغا قاراپ راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتە غايەت زور يېتەكچىلىك، بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئويىنىدى؛ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئىدىيىۋى كاپالىتىنى يارىتىپ بەردى.

50 يىللىق تارىخ ئىسپاتلىدىكى، «نۇتۇق» ـ ماركسىزم ئومۇم پرىنسىپىنىڭ ئېلىمىز ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى؛ «نۇتۇق» نىڭ ئاساسىي روھى ۋە تۈپ نۇقتىنەزەرلىرى چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نۆۋەتتە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بەرپا قىلىش، روناق تاپقۇزۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچىلىك ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىن گۈللەپ ياشنىشىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۆتكەن 40 يىل مابەينىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېتىشتۈرۈشى، «نۇتۇق» نىڭ ئىدىيىۋى يېتەكچىلىكىدە، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىز ھالەتتىن كۈچىيىپ، بۈگۈنكى كۈندە 10 مىڭدىن كۆپرەك كەسپىي ئىجادىيەت خادىمى ۋە نەچچە 10 مىڭلىغان يېرىم كەسپىي، ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەۋەسكارلىرىدىن تەركىب تاپقان چوڭ، يارامىلىق قوشۇن بولۇپ شەكىللەندى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات، گۈزەل سەنئەت، تېلېۋىزىيە، كىنو، فوتو سۈرەت، خەتتاتلىق، تىياتىر ئىجادىيىتى، سىرىك سەنئىتى، مۇزىكا، ئۇسسۇل، نەققاشلىق ۋە ھەر خىل ھۈنەر ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. قىسقىغىنا 10 يىل ئىچىدە 50 نەچچە رومان، 200 دىن ئارتۇق پوۋېست ئېلان قىلىندى. تەخمىنەن 500 دىن ئارتۇق ھېكايە ـ نەسر، شېئىر ـ داستان ۋە سەنئەت نەزەرىيىسى، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر تەتقىقاتىغا دائىر كىتاب ـ توپلاملار نەشر قىلىندى. 600 پارچەدىن ئارتۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسىرى مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق مۇكاپاتقا، بەزىلىرى خەلقئارالىق ئالتۇن، كۈمۈش مېداللارغا ئېرىشتى.

«نۇتۇق» نىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆرمەكتىمىزكى، بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىنىڭ دەۋر ـ زامان ئېڭى، ئىستېتىكىلىق قىممەت ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم قارىشى، مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆستى؛ ئىسلاھات روھىي بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈلزارلىقىمىزنى دادىل يېگىلاش؛ يېڭى دەۋر ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى توغرا، مۇكەممەل، چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈش؛ گۈزەللىك يارىتىش ۋە ئېستېتىكىلىق ئۆلچەمنى مەركەز قىلىپ، خەلققە يارامىلىق، رەڭدار، مول مەنىۋى مەھسۇلات ۋە ئوزۇق تەقدىم قىلىش جاسارىتى جۇش ئۇرۇپ ئۇلغايدى. گەرچە، بىسىپ ئۆتكەن يولىمىزدا بەزى ئەگرى ـ توقايلىقلار، يەكۈنلەشكە تېگىشلىك بىر مۇنچە تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىمىز بولسىمۇ، لېكىن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە، مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزدىن پەخىرلىنىش،

ئىپتىخارلىنىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىمىزنى، شۇنداقلا ئالدىمىزدىكى داغدام يولنىڭ تولىمۇ ئۈمىدلىك، پارلاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

بىر نەچچە تەسىرات:

1. تىرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسى.

ئېلىمىز خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاخىرقى ھېسابتا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت پارلاق يولنى تاللىۋالدى، جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ۋە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىكى يېڭىلىنىش مۇقەررەر ھالدا مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەتتە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا يېڭىلىنىش تەلىپىنى قويىدۇ. بۇ — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بولغان ئىكەن، مۇقەررەر ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تەلىپى، ئالاھىدىلىكىگە باپ كېلىدىغان، ئېلىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنەنىسى ئاساسىدىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش دېگەنلىك، ئەلۋەتتە.

يولداش جياڭ زېمىن «1 - ئىيۇل» نۇتقىدا ئېنىق قىلىپ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشى كېرەك. يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. بۇ، ماركسىزملىق مەدەنىيەت قارىشى، ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىنىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىللە بارلىق فېئوداللىق، كاپىتالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيە، چىرىك مەدەنىيەت، چىرىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ ۋە ئۇنى چەكلەپ، سىياسىي يۆنىلىشى بىردەك بولغان، مەزمۇنى، شەكلى، ئۇسلۇبى، ئېقىملىرى كۆپ خىللاشقان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئىدىيىۋى كاپالىتى، پارلاق يولى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزۈش مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭ ئىشى، ئۇزاق مۇددەتلىك، جاپالىق، ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە. شۇنداقلا زامانىمىز جىددىي تەقەززا بولۇۋاتقان رېئال ۋەزىپە. ئەدەبىيات - سەنئەتنى «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش - سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى ئۇزاقىچە، مۇقىم، ساغلام راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى. ۋەتەنپەرۋەرلىك، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم، زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈش - يېڭى دەۋر سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىمىزنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە پرىنسىپى.

ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ماركسىزملىق دەۋر - زامان ئېڭىمىزنى تىرىشىپ ئۇستۇرۇپ، تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، خەلق بىلەن بىرلىكتە ئېلىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ بىر پۈتۈن ئېسىل روھىي چاقناپ تۇرىدىغان يېڭى دەۋر ئەدەبىيات - سەنئىتىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدا يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

2. يېڭى دەۋر مېلودىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش، رېئاللىققا يۈزلىنىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشكە يېقىندىن ياندىشىش مەسىلىسى.

ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش، ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش، قوبۇل قىلىش، شاللىۋېتىش ۋە رىقابەت ئىچىدە ئالغا بېسىپ، ئۆز - ئۆزىنى كۈچەيتىش - مۇكەممەللەشتۈرۈش تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادا تۇرغۇنلۇق، بېكىنمە ھالەتنى راۋا كۆرۈپ، روناق تاپقان، تەرەققىي قىلغان بىرمۇ دۆلەت، خەلق، مىللەت يوق. ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى مەسىلە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ قەدىمىنى قانداق قىلىپ توغرا يول بىلەن تېزلىتىش مەسىلىسى.

«ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرى دەۋر روھىي تەلىپى بىلەن بىرلىشىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئاكتىپ نەرە تارتىپ يول ئاچقۇچىلىرى بولۇشى كېرەكمۇ ياكى ئۆزىنى بىر چەتكە ئېلىپ، «دەڭسەپ بېقىش» پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، «تارىخىي ماتېرىياللار دۆۋىسى ئىچىگە چۆكۈپ» ۋە «يىگانە تەپەككۇرنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ» كۈتۈپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟» - بۇ، دەۋرىمىز بىزنىڭ جاۋاب بېرىشىمىزنى كۈتۈۋاتقان جىددىي سوئال.

مېنىڭچە، بىر يازغۇچى - سەنئەتكارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئۆز ۋەتىنى، خەلقىنىڭ تەرەققىيات يولىنى ئېچىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشتە قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ۋە رول ئوينىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ۋەتەن، خەلق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان چوڭ ئىش يازغۇچى - سەنئەتكارنىڭمۇ چوڭ ئىشى بولۇشى لازىم، ئەلۋەتتە. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى يېڭى دەۋر رېئاللىقى، ئىچىگە قويۇپ، خەلق بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەقدىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش - ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە ياراملىق يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ تىرىشىپ ھەل قىلىدىغان كۆرەش نىشانى ۋە ئورتاق توغرا يولى.

تۇرمۇش - ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ بۇلىقى. قايناق - تاشقىنلىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئەمەلىيەت ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى. نۆۋەتتە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە، دەۋر روھىنى - ئاساسىي مېلودىيىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىر تۈپ مەسىلە.

مېنىڭچە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تىرىشىپ ئاڭلىق ھالدا ئىپادىلەش؛ خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى ھايات، يېڭى تۇرمۇش يارىتىش يولىدىكى قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلەش؛ زامانىمىز قەھرىمانلىرىنىڭ ئىلھام بەخش يۈكسەك بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، تاغ - دەريالارنى باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش جاسارىتى ۋە گۈزەل، باي، مەدەنىيەتلىك يېڭى تۇرمۇش يارىتىش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش - يېڭى دەۋر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى - مۇقامى ھېسابلىنىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى لازىم.

يېڭى دەۋر مېلودىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئانچە ئاسان ئەمەس. ئاز - تولا قان - تەر ئاققۇزماي، غەيرەتكە كەلمەي بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ ئۈچۈن، يولداش ماۋزېدۇڭ تەكىتلەپ كۆرسەتكەندەك، «شەرتسىز ھالدا ۋە جان - دىل بىلەن» «ئوتتەك قىزىق» تۇرمۇش ئىچىگە - بىرىنچى سەپكە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ سانسىز قەھرىمانلىرى ئارىسىغا بېرىشقا، «خەلقتىن ئېلىپ، خەلققە قايتۇرۇش» قا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ بىرىنچى سېپى - ئۈرلىنىپ تۇرغان رېئاللىق - ئىسلاھات، زامانىۋىلاشتۇرۇش قەھرىمانلىرى ئۈزلۈكسىز نامايان بولىدىغان سەھنە، كۆپلەپ ئەڭ ئېسىل، ئەڭ ئىلھام بەخش ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى مەيدانغا كېلىدىغان بۇلاق. پەقەت جانلىق تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ يېڭى رېئاللىققا يۈزلەنگەندىلا يېڭى دەۋر مېلودىيىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، خەلققە مول ستېتىك زوق ئىلھام، رىغبەت بېغىشلايدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلغىلى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشكە يېقىندىن ياندىشقىلى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.

3. سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ۋارىسلىق قىلىش، قوبۇل قىلىش ۋە دادىل يېڭىلىق يارىتىش مەسىلىسى.

زامانىمىزدا ئىلغار پەن - تېخنىكىنىڭ ئاجايىپ سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تېز تەرەققىي قىلىشىغا شىددەتلىك تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇنداق تەسىر ۋە ئۆزگىرىش - ئىدىيە، كۆز قاراش، ھېسسىيات، تېما، مەزمۇن جەھەتلەردە روشەن ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىپادىلەش شەكلى، ئۇسلۇبى ۋە خاسلىق، ئومۇمىيلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتمەكتە. شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، دەۋرىمىزدىكى رېئاللىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەمدى ئەنئەنىۋى مەنىدىكى كونا

رېئالىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەمەس، شۇنداقلا مەلۇم بىر ئېقىم، مەلۇم بىر يازغۇچى ۋە مەلۇم بىر سەنئەت «ئىزمى»نى نىشان ۋە مەركەز قىلغان ساددا رېئالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ، مەركەزلىشىش، ھەر خىل ئىجادىيەت ئېقىملىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرمۇش ھەمدە مەزمۇندىن شەكىلگىچە چوڭقۇر ئۆزگىرىش قىلىشقا يۈزلەنگەن يېڭىچە رېئالىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەتتۇر.

ئەدەبىيات - سەنئەت ھادىسىسىدىكى بۇنداق زور ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات-بۈگۈنكى دۇنيادا ئۆزگەرمەس، تۇرغۇن، قاتمال ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى؛ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە بېكىنمە، تار، ئاددىي، مىللىي ۋە رايون خاراكتېرلىك ھادىسىلەر بارغانسېرى ئازىيىپ ۋە بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ، ئورتاقلىق ۋە ئورتاق گۈللىنىشنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى؛ مۇئەييەن ئورۇندا نۇر چېچىپ جەۋلان قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ھەر قانداق بىر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭمۇ جەزمەن ئاڭلىق ھالدا ئۆز - ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىپ، تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسەتمەكتە.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا بەدىئىي ئەدەبىيات، گۈزەل سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش - يېڭى دەۋر كىشىلىرى تەقەززالىق بىلەن ئۈمىد كۈتۈۋاتقان مۇھىم بىر مەسىلە.

مەلۇمكى، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش - مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش، ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ۋە چەت ئەلنىڭ قىممىتى بار ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەينەك قىلىش، قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى ھەزىم قىلىپ ئۆزىمىزنىڭكىگە ئايلاندۇرۇش ھەمدە كونا رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلىپ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۈپەتنى ئۆستۈرۈشتە، مىللىي ئەنئەنە، مىللىي ئالاھىدىلىك، مىللىي شەكىلدىن ئىبارەت «ئاساس»قا، چەت ئەل ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئېسىل جەۋھەرلىرىدىن زۆرۈر «ئوزۇق» قوبۇل قىلىشقا تايانغاندىن باشقا، مۇھىمى دادىل يول ئېچىش ۋە جاسارەت بىلەن يېڭىلىق يارىتىش روھىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىجادىي ماھارەت - تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتى بولماستىن، بەلكى يېڭىلىق يارىتىش ۋە يېڭى چوققىنى ئۆرلاندۇرۇشقا ئىنتىلىشنىڭ مېۋىسى.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سىياسەتتىن ۋە باشقا ئاڭ شەكىلدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى رېئال تۇرمۇشنى كونكرېت، جانلىق، ھېسسىياتلىق بەدىئىي ئوبراز ۋە گۈزەل تىل سەنئىتى ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ئۆلچىمى بىزدىن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، «گۈزەللىك يارىتىش»، «زوقلاندۇرۇش» قىممىتى ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ - يېڭى تېما، يېڭى مەزمۇن، يېڭى قۇرۇلما، يېڭى تىپ - ئوبراز، يېڭى مۇھىت - خاراكتېر ... قىسقىسى، ھەممىسى «يېڭى» بولۇش دېگەنلىك، چىنلىق - ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ جېنى، ئېستېتىك قىممەت يارىتىشنىڭ ئاساسى. «يېڭى»، «چىن» بولمىسا، «زوقلاندۇرۇش»، «ئېستېتىك قىممەت» دېگەندىن ئېغىز ئېچىش تەس.

چۈشىنىش تەس ئەمەسكى، مېنىڭچە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە پەقەت «بۆسۈش»، «يېڭىلىق يارىتىش»قا جۈرئەت قىلغاندىلا يۈكسەك بەدىئىي - ئېستېتىك قىممەت ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە سۈپەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت دۇردانىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگىلى، ئاخىرقى ھېسابتا خەلق ۋە كىتابخانلارنى رازى قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ماركسىزملىق سەنئەت قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، «ئەنئەنە»گە توغرا ۋارىسلىق قىلىپ، ھەم تارىخنى ئۈزۈپ قويىدىغان مىللىي ئىنكارچىلىق، تارىخىي ئىنكارچىلىقتىن ساقلانغىلى، ھەم «پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈش» خاتا تەشەببۇسىغا قارشى تۇرۇپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ياراتقان ئېسىل ئەدەبىيات - سەنئەت نەتىجىلىرىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى كۈچەيتكىلى، مۇكەممەللەشتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

4. ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكى، ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىنىڭ رولىنى جارى قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەخىرسىزلىكى مەسىلىسى.

ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكى - پەن، يەنە كېلىپ باشقا ئىجتىمائىي پەنلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان كۈچلۈك تەسىرچانلىقى، ھازىر جاۋاب - سەزگۈرلۈككە ۋە ئۆتكۈر تەتقىقات خاراكتېرىگە ئىگە پەن. ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىنىڭ توپ ۋەزىپىسى - ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرى ۋە ھادىسىلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش - ھۆكۈم قىلىشتىن ئىبارەت. ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىنىڭ جامائەت ئورتاق ئېتىراپ قىلغان توپ تەلىپى - ھەققانىيەتنى قىزغىن سۆيۈش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، رەزىللىكنى رەھىمسىز قامچىلاپ، گۈزەللىكنى باتۇرلۇق بىلەن قوللاش ۋە قوغداشتىن ئىبارەت.

ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدە رولى بولغاچقا تارىختا، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا يامراپ كەتكەن ئىنتايىن «سول» لۇشيەننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدىكى زەھەرلىرىنى تازىلاش؛ بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنى تەنقىد قىلىپ، ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن ھەق - ناھەق مەسىلىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە تۈزىتىش؛ «ئوڭ» ۋە «سول» ئېغىشلار بىلەن ئېلىشىپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ يولىنى ئېچىش جەھەتلەردە تارىخىي ۋە ئىجابىي رول ئوينىدى. يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىدە ماختاش ۋە ئىنكار قىلىشتا «مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش»، تىن ئىبارەت ئاجىزلىق، ياسىسىلىق ئۆسۈپ قالدى.

ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكى نېمىشقا مۇشۇنداق ئاجىز، ياسىسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى؟ بەزىلەر، بۇ: «جىددىي ئىلمىي روھنىڭ كەملىكى، مەسئۇلىيەتسىز قالپاقچىلىقتىن زېرىكىش كەيپىياتى» دېسە، بەزىلەر: «بىر كالتەك بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش، قالايمىقان پۈۋلەپ - ئۇچۇرۇش شامىلىدىن بىزار بولغانلىق» دېيىشمەكتە. يەنە بەزىلەر تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ: «بۇ بىر خىل قورقۇش كېسەللىكى - تەنقىد قىلغۇچىنىڭمۇ، تەنقىدلەنگۈچىنىڭمۇ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ كەملىكىنىڭ ئىپادىسى» دېيىشمەكتە. بۇ خىل قاراشنىڭ ئېھتىمال مەلۇم ئاساسى باردۇر.

مېنىڭچە، توپ مەسىلە، ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىنىڭ تەخىرسىزلىكىنى توغرا تونۇش ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە رولىنى قانداق قىلىپ تولۇق ۋە توغرا جارى قىلىش مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكى بىر - بىرىگە مۇھتاج، بىر - بىرىگە تايىنىپ گۈللىنىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەدەبىيات سەنئەت تەنقىدچىلىكى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىر - بىرىگە ئۆپكە بىلەن يۈرەكتەك چەمبەرچاس باغلانغان. ناۋادا بۇ ئىككىسىدىن بىرى كېرەكتىن چىقسا، ئۇ چاغدا يەنە بىرىمۇ ئوخشاشلا ھەرىكەتتىن توختايدۇ. بۇ، «ئاساس» بىلەن «شەرت» نىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى مەسىلىسى بولۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرىدىن ئىبارەت «ئاساس» بولمىسا، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىن ئىبارەت «شەرت» نىڭ رول ئوينىيالمايدىغانلىقىدىن، «ئاساس» بولۇپ، «شەرت» بولمىسا، «ئاساس» نىڭ تەرەققىياتى بىر ئىزدا توختاپ قالىدىغانلىقىدىن، ئاخىرقى ھېسابتا ھەر ئىككىسىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى خۇنۇكلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق ئىنكاس نەزەرىيىسى ۋە رېئالىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئېستېتىكىلىق پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان ھالدا ئەستايىدىل ۋە دەۋر روھىغا ئۇيغۇن مەرامزان بىلەن ئىشلەش كېرەك.

چۈنكى، دەۋر چاقى ئىلگىرىلىمەكتە، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ يولى كېڭەيمەكتە، يېڭىلانماقتا. ئالدىمىزدىكى ۋەزىپە شەرەپلىك ۋە مۈشكۈل. ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىز تەبىئىي ھالدا ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئادىل باھاسىغا، ئىلمىي دەللىلىشىگە، ئىلھام بېرىپ تۈرتكە بولۇشىغا مۇھتاج بولماقتا، كەڭ تەنقىد - ئوبزورچىلىرىمىزنىڭ ھىممىتىگە مۇھتاج بولماقتا. ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكى پۈتكۈل ئەدەبىيات - سەنئەت

(ئاخىرى 35 - بەتتە)

# سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى چىنلىق مەسىلىسى توغرىسىدا

مەمتىمىن جاپپار

— «نۇتۇق» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

بىرەر پارچە ئەسەر ئۈستىدە گەپ بولغاندا ئۇنىڭدىكى چىنلىق توغرىسىدا گەپ ئاچماي ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بەدىئىي ئەسەر ھاياتىي كۈچىنىڭ بەدىئىي چىنلىقتا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ساۋات كىشىلەرگە خېلى تونۇشلۇق.

بەدىئىي چىنلىق توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر خېلى كۆپ بولۇندى، ئەمما سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتتىكى چىنلىق مەسىلىسى توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر ئانچە بولۇنمىدى. ئەگەر چىنلىق ھەققىدە تومتاقلا توختىلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۈزۈم شارائىتىدىكى مەسىلىلەرگە باھا بېرىشىمىزگە ئانچە ياردىمى تەگمەيدۇ، ئەكسىچە مەسىلىلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا ئايرىم - ئايرىم (كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىكى چىنلىق، سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدىكى چىنلىق) توختىلىش ھاجەت. بىزنىڭچە بىرىنچىدىن بەدىئىي چىنلىق - ساپ رېئاللىقنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىدىيىسى يېتەكچىلىكى ئاساسىدىكى ئوبيېكتىپ — سوبيېكتىپ — ئوبيېكتىپتىن ئىبارەت ئىجادىيەت گەۋدىسىدىن ئىبارەت؛ ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا گۈزەللىك، چىنلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. مەدھىيىلەش ئاساس، پاش قىلىش، پىپەن قىلىش قوشۇمچە ئورۇنغا قويۇلغاندىلا ئاندىن سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئاساسىي گەۋدىنى ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەرنى خەلق ئاممىسى بىۋاسىتە چۈشىنىشى ھەم ئۇنىڭدىكى چىنلىق ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك. كىشىلەر ئۇنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. تۆۋەندە مۇشۇ ئۈچ مەسىلىنى چۆرىدەپ بەزى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

ئەسىرنىڭ 30 - 40 يىللىرىدا ياۋروپا پرولېتارىياتى ستىخىيىلىك ھالدىكى ئىقتىسادىي كۈرەشتىن ئاڭلىق ھالدا سىياسىي كۈرەش يولىغا مېڭىپ ئۆزىنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى بىلەن دۇنيا تارىخىي سەھنىسىگە چىقتى. بۇ دەۋردە ئەمگەكچى خەلققە ھېسداشلىق بىلدۈرىدىغان ئاق نىيەت سەنئەتكارلار بۇ يېڭى تارىخىي مۇقەررەرلىكنىڭ پۈتۈن دۇنيانىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئىكەنلىكىنى سېزىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن تارىخنىڭ تەرەققىياتىنى ئارقىغا بۇرىغۇچى كۈچلەر، يىرتقۇچلار ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىغا ئېلىندى. مانا بۇ، دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا تەنقىدىي رېئالىزم دەۋرى، دەپ ئاتالدى. 1848-يىلى «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئىلمىي سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ غايەت زور روھىي كۈچ ياۋروپا ئۇپۇقىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن - ھۈسەندەك، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئوبرازى ئىنقىلابىي يازغۇچىلارنىڭ قەلىمىدە سەنئەت مۇنبىرىگە ئېلىپ كېلىندى. مانا بۇ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن بېشارەت ئىدى. بۇ، دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا سوتسىيالىستىك رېئالىزم دەۋرى، دەپ ئاتالدى. «سېلىنىيە توقۇمىچىلىرى ناخشىسى»، «ئىنتېرناتسىونال» شېئىرى ... قاتارلىقلار ئەڭ دەسلەپكى سوتسىيالىستىك ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدە دۇنياغا كەلگەن «ئانا» «پولات قانداق تاۋلاندى»، «بۇ يەرنىڭ سەھەرى جىمجىت» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ۋە جۇڭگونىڭ يېڭى، دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە دۇنياغا كەلگەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر - سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك تارىخىدا پارلاق نۇر چېچىپ ئۆلمەس سەنئەت مۇنارىسى —

تىكلەپ بەردى. بۇ ئەسەرلەر مەيلى سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ياكى كەڭلىك نۇقتىسىدىن بولسۇن، ياكى سەنئەت شەكلى جەھەتتىن بولسۇن، بارغانسىرى پىشىپ يېتىلىپ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قانۇنىيەتلىك ماھىيىتىنى شەكىللەندۈردى. بۈگۈنكى پىشقان ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىمىز ئەنە شۇنىڭ ۋارىسى ھەم رىۋاجىدۇر.

يولداش ماۋزېدۇڭ ۋەكىللىك قىلغان بىر ئەۋلات پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ۋە دىڭ شياۋپىڭ ۋەكىللىك قىلغان ئىككىنچى ئەۋلات پېشقەدەملەر سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشىدا غايەت زور تۆھپە قوشتى.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت چىنلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ، چىنلىقنى مۇھىم بىر ستېتىك مىزان دەپ بىلىدۇ. ئۇنى باشقا سەنئەت خىللىرىغا سېلىشتۇرغاندا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى بار. تەلىپى تېخىمۇ قاتتىق.

پەلسەپىۋى ئىنكاس نەزەرىيىسىدىن ئېيتقاندا، تۇرمۇش چىنلىقى بەدىئىي چىنلىقنىڭ ئاساسىي، بەدىئىي چىنلىق بولسا تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ يۈكسەلدۈرۈلۈشى ۋە ئۈستۈرۈلۈشى، تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىق ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان زورۇر مۇناسىۋەت بار. بۇ خىل مۇناسىۋەت ناھايىتى ئاددىي، ۋەھالەنكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ چىنلىقلىقى تۇرمۇش چىنلىقىغا قارىغاندا «تېخىمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ مەركەزلەشكەن، تېخىمۇ تىپىكلىككە ئىگە. تېخىمۇ غايىۋى بولىدۇ.» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 3 - توم (ئۇيغۇرچە)) بۇ تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن ئىجادىيەتنىڭ گەۋدىسى ھەقىقىي گۈزەللىكنى ئۆز كۆڭلىگە پۈككۈشى كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى، بەدىئىي چىنلىق دېگەنلىكنىڭ ساپ - ئوبيېكتىپ چىنلىق دېگەنلىك ئەمەسلىكى ئىكەنلىكىدە، ھەر قانداق بەدىئىي ئىجادىيەت ناتۇرالىستىك سەنئەت قارىشىدەك - تۇرمۇشقا ئىلمىي تەجرىبە ئۆتكۈزگەندەك ئۇنداق مۇئامىلە قىلمايدۇ. تۇرمۇشتىكى بىر ئادەم ياكى بىر توپ ئادەملەر توغرىسىدىكى خاتىرىلەرگە ئوخشاش نېمە بولسا شۇنى يېزىپ ئولتۇرماي. بەدىئىي چىنلىققا بولسا، ئوبيېكتىپ چىنلىق بىلەن سۇبيېكتىپ چىنلىق (ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپ) ئۆزئارا سىڭىشتۈرۈۋېتىلىدۇ. يەنى ئوبيېكتقا سۇبيېكتىپ خاھىش - ئاپتورنىڭ ھېسسىياتى، باھاسى، شەخسىي تەربىيىلىنىشى ستېتىك غايىسى قاتارلىقلار سىڭدۈرۈۋېتىلىدۇ. شۇڭا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات بەدىئىي چىنلىقنى ئۆزىنىڭ تەلىپى قىلماقچى بولغىنىدا، ئاساسىي گەۋدىنىڭ غايەت زور كۈچىنى چەتكە قاقماسلىقى، بەلكى ئىلغار گەۋدىنىڭ بەدىئىي چىنلىققا سىڭىشىش رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، ئىجادىيەت گەۋدىسىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتچانلىقىنى تەكىتلىشى لازىم.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىجاد گەۋدىسى ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇشى، كاپىتالىزمنىڭ مۇقەررەر ھالاكەتكە يۈز تۇتۇۋاتقان، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزمنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا نىسبەتەن قەتئىي ئىشەنچ تۇرغۇزۇشى، بۇ بىر تارىخىي يۈزلىنىش بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشى لازىم.

پرولېتارىيات يازغۇچىسى گوركىي مۇنداق دېگەنىدى: «يازغۇچى كىتابخانىلاردا تۇرمۇشقا ئاكتىپ مۇناسىۋەتتە بولۇش تۇيغۇسىنى ئويغىتىشى كېرەك. ئۇلاردا ئۆز كۈچىگە ئىشەنچ، تۇرمۇشنىڭ ئۇلۇغ مەنىسىنى، مېھنەتنىڭ زوقى ۋە زور ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ھەممە ئىچكى ۋە تاشقى توسقۇنلۇقلارنى يېڭىش قابىلىيىتىگە ئىشەنچ تۇيغۇسىنى ئويغىتىش كېرەك.» (گوركىي: ئەدەبىيات توغرىسىدا «پرولېتارىيات يازغۇچىسى توغرىسىدا» شەرق ھەقىقىتى 1957 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 334 - بەت) بەزىلەر بۇ مەسىلىدە ئىككىلىنىشتە بولۇۋاتىدۇ، ياكى ئەدەبىيات دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ ئالدىغا سوتسىيالىستىك دېگەن سۈپەت سۆزىنى قويۇشقا قارشى تۇرۇۋاتىدۇ،

سوتسىيالىزم دېگەن سىياسىي ئۇقۇم، سىياسىي تۈزۈمگە قارىتىلغان ئۇنى بىرەر ساھەگە قوشۇپ قويۇش تولىمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ، دېسە يەنە بەزىلەر سوتسىيالىزم، دېگەن بۇ چىرايلىق ئات ئەدەبىيات - سەنئەتنى بوغۇپ قويىدۇ، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر سوتسىيالىستىك رېئالىزم بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ قارىشىچە كاپىتالىستىك رېئالىزم، دېگەن سۆز بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ «ئاق» نىڭ تەتۈرسى «قارا» بولغىنىدەك، دېيىشىدۇ. بۇ خىل قاراشلار 80 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى مۇنبىرىدىمۇ كۆرۈلگەنىدى. («شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 - يىل 1 - سان 89 - بەتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىستىك رېئالىزم مەسىلىسى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قارالسۇن) يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر: ئەدەبىيات تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ئادەمشۇناسلىق ھەققىدىكى ئىلىم، ئادەمگەرچىلىك - ئىنسانپەرۋەرلىك ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مىزان. شۇڭا ئادەمگەرچىلىك - بەدىئىي چىنلىق دېگەننىڭ ئۆزى شۇ، دەيدۇ.

يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپلىمە. بۇ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى يوققا چىقارغانلىق خالاس.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىپ، توغرا ھەم ئىلمىي چىنلىقلىق كۆز قارىشىنى تىكلىشى زۆرۈر. ئۇنداقتا بىزدە قانداق چىنلىق كۆز قارىشى بولۇشى كېرەك؟

ياپونىيىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى بىڭ تەن جىڭشۇ مۇنداق دېگەن: «پىلاتون رېئاللىقنىڭ ئۆزى چىنلىق دېگەنلىك بولمايدۇ، ئۇ پەقەت چىنلىقنىڭ سايىسى خالاس، خەي دېگىرنىڭ قارىشىچە، چىنلىق يوشۇرۇن بولىدىكەن، ... بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى رېئاللىقنىڭ كۆپى ھەقىقىي ئەمەس، ئۇرغۇنلىرى تەسادىپى، بۇرمىلانغان ياكى جا ... ئەدەبىيات رېئاللىقتا يېقىن چىنلىققا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىشى، بۇرمىلانغان ۋە كومىلىپ ياتقان نەرسىلەرنى قېزىپ چىقىرىپ تېخىمۇ قىممەتكە ئىگە نەرسىلەرنى يارىتىپ ئۇنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشى لازىم. چىنلىق باشقا نەرسە ئەمەس، ھاياتىي كۈچكە ئىگە نەرسە ئاندىن چىن بولغان بولىدۇ (1) بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پىلاتون، خەي دېگىر، بىڭ تەن جىڭشۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا چىنلىق كۆز قارىشى بولغان، كىشىلەرنىڭ چىنلىق كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن چىن ياكى چىن ئەمەسلىك ھەققىدىكى خۇلاسىلىرىدىمۇ تاكى ھازىرغىچە بىر تەرەپلىمىلىك ساقلىنىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. پىلاتون خەي دېگىر، بىڭ تەن جىڭشۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىدا رېئاللىقنىڭ ھەممىسىنىڭ چىن بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكى، ئۇنىڭغا تەسادىپ ياكى جا، ھەتتا بۇرمىلانغان نەرسىلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقى بايان قىلىنغان، بۇ، بىزنىڭ قوبۇل قىلىپ پايدىلىنىشىمىزغا تېگىشلىك تەرەپ. ئەمما گەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇش - بولۇپمۇ بۇ ئىجتىمائىيلىقنى شەكىللەندۈرگەن ئادەم ئۈستىدە بارمىغانلىقى سەۋەبلىك كۆپ ھاللاردا ئادەم بىلەن باشقا جانلىقلاردىكى ئورتاق بولغان بەزى خۇسۇسىيەتلەر (تۇغۇلۇش، تەرەققىي قىلىش، ئۆلۈش، يېشى، جىنسى ھەۋەس ......) بىر تەرەپلىمە تەكىتلىنىپ ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىقى، روھانىيىتىگە سەل قاراش كېلىپ چىقتى. غەرب ئەدەبىياتشۇناسلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىدە بۇ خىل تەلىماتنىڭ تەسىرلىرى ئېغىر.

دەرۋەقە، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات رايونى چەكلەنگەن رايون ئەمەس، ئۇنى ياز، بۇنى يازما دەپ تەلەپ قويمايدۇ. مەسىلە رېئاللىقنى قايسى نۇقتىدىن كۆزىتىشتە. بىزنىڭچە ھادىسىلەرنى يېزىشتا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى چىنلىق. ئۇ ھادىسىلەرنىڭ ئادەمنىڭ سېزىم ئەزالىرىغا قىلغان تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدە ئەمەس، بۇ ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكىدە ئىپادىلىنىشى كېرەك. ئۇنداق ساپ كۆرگەزگە قىلغاندەك تەسىر، مۇناسىۋەتسىز كۆرۈنۈش يېزىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بەدىئىي چىنلىقنىڭ ئورنى تۆۋەنلىتىلىدۇ خالاس. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت بۇنداق قىلماسلىقى

كېرەك. ئىككىنچى قاراتمىلىق جەھەتتىن، زورلاۋانلىق ۋە قاراڭغۇلۇق ئوبيېكتىپ قىلىنغاندا، سەنئەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، ئىلغار گەۋدىنىڭ غايەت زور ئىشىپ چۇشۇش رولىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈشنى ئەلەپ قىلىشى كېرەك. يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك ئېلىشقاندا يازغۇچىنىڭ قەلبىدە «غايىۋى نۇر» پارلاپ تۇرۇشى، ھەرگىزمۇ بىر مەھەللىك كەلكۈن سۇيى بىلەن يۇلۇقما بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم. ئەگەر يازغۇچىدا ئۇ خىل «غايىۋى كۆز» بولمىسا ئەسەر ھادىسىلەر تىزمىسىغا ئايلاندۇرۇلۇپ قويۇلسا، ھەتتا قاراڭغۇلۇقتىكى سېسىق نەرسىلەر خۇددى يايمىچىنىڭ نەرسىسىدەك يېيىپ كۆرسىتىلسە، ئۇ ھالدا ئاڭلىق، ئاڭسىز ھالدا يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزغا زىيان يەتكۈزىدۇ. «ئۆلگىنىنىڭ كۈچى چەكسىز بولىدۇ». ئۆلگە - ئۆگىنىدۇ، زوقلىنىش دېگىنىمىزمۇ، ياخشى، پايدىلىق نەرسىلەردىن بەھىر ئېلىشقا قارىتىلغان. كىنو، تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان بەزى ئەسەرلىرىمىز بۇ ئۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بەزى ئەسەرلەردىكى چىنلىقنى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ چىنلىقى دېيىشكە تىلىمىز كۆيىدۇ.

بەزىلەر، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك رېئالىزمىمىز چاكىنا رېئالىزم، XIX ئەسىر تەنقىدى رېئالىزمى بىلەن «4 - ماي» دەۋردىكى رېئالىستىك ئەنئەنىنىڭ ئۆزگۈرۈۋېتىلىشى، رېئاللىقنى بۇرمىلايدۇ. رېئالىزمدا بولۇشقا تېگىشلىك تەنقىدىي روھ كەمچىل، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلارچە پاش - پىيەن بولسا، رېئاللىق ئاشكارىلانغان بولسا، مانا بۇ ھالدا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت چىنلىققا ئېرىشكەن بولارمىش. بۇ خىل كۆز قاراش ئىنتايىن بىر تەرەپلىمە.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا يۈز يىلدىن ئارتۇق تەرەققىيات تارىخىدا ئىككى باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچى 1948 - يىلى «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغاندىن 1917 - يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغانغا قەدەر بولغان باسقۇچ، ئىككىنچىسى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن تاكى ھازىرغىچە بولغان باسقۇچ.

بىرىنچى باسقۇچتا، كاپىتالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا، ئىشچىلار سىنىپى ئۆزلىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيىدىن ئازاد قىلىش ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل شەكىلدىكى كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى، كاپىتالىزمدىن ئىبارەت بۇ ئادەمنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان قاراڭغۇ رېئاللىققا قارىتا، پرولېتارىيات ئىدىيىسىگە ئىگە بولغان يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار پرولېتارىيات مەيدانىدا تۇرۇپ كاپىتالىزم دۇنياسىغا تولۇپ تاشقان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىزھار قىلدى. بۇنى پەقەت ئاچچىق پىيەن يولى بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كەلگەن ئىدى. بۇ باسقۇچتا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات، سەنئەتنىڭ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا تەنقىدىي پوزىتسىيە بولدى.

ئىككىنچى باسقۇچقا قەدەم قويغاندىن كېيىن «خەلق» ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان دەۋر» دە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ئاللىقاچان يوقىتىلىپ چىرىك، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان شەيئىلەرگە ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن ئالغاندا زېمىن قالمىدى، گەرچە چىرىك، يىرگىنىشلىك نەرسىلەر مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇت بولسىمۇ چىن گۈزەللىك جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي يېتەكچىسى تەرىپىگە ئايلىنىپ، پۈتكۈل ئىجتىمائىي مۇھىتتا كونا دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا ئاسمان زېمىن پەرق يۈز بەردى. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئالدىغا دۇچ كەلگىنى يورۇقلۇق ئاستىدىكى چىنلىق بولدى. بۇ دەۋردىكى رېئاللىققا بولغان پوزىتسىيىمىز ئومۇمىيلىق جەھەتتىن ئالغاندا ئالدىنقى دەۋرگە قارىغاندا ئوخشىماسلىقى كېرەك. ئومۇمىيلىق جەھەتتىن، پىيەندىن، مەدھىيىلەشتىن ئىبارەت ئاساسىي تەرەپكە ئۆتۈش كېرەك. ئەگەر بۇ كېيىنكى باسقۇچتىمۇ ئالدىنقى باسقۇچتىكىدەك، يەنىلا رېئاللىققا پاش قىلىش، تەنقىدىي كۆز بىلەن قاراپ ھەممىنى قاپقارا دېسەك، ئۇ ھالدا سوتسىيالىزم باسقۇچى بىلەن كاپىتالىزم باسقۇچىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىمىزدە، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت دېگەن ۋىۋىسكا ئاستىدا باشقا بىر نىمىلەر كۆرۈنۈپ قالىدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىماي بولمايدۇكى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ تارىخىي فېئودالىزم، كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ تارىخىغا قارىغاندا كۆپ قىسقا. ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا تېخى يېتىلمىگەن ۋە مۇكەممەل بولمىغان تەرەپلەر، ئۇنىڭ

ئەۋزەللىكى جارى قىلدۇرۇلمىغان تەرەپلەر بار. شۇنداق دېيىش كېرەككى، ئۇ بىر قۇياش، ئەمما قوياشنىڭمۇ دېغى بار. ھەتتا بەزىدە قوياشنى بۇلۇت توسۇۋېلىپ بىزگە نۇرىنى چاچالماي قالىدۇ. لېكىن بەرىبىر بۇلۇتلار سۈرۈلۈپ قوياش ئۆزىنىڭ سېخىي نۇرىنى ئالەمگە چاچىدۇ. شۇنداق، سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدىكى قاراڭغۇلۇققا نىسبەتەن، بىزدە ماركسىزملىق دۇنيا قاراش بولۇشى، ئۇنى شەيئىلەرنىڭ كۆزىتىشتە يېتەكچى قىلىشىمىز، شەيئىلەرگە ئەتراپلىق باھا بېرىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشىمىز كېرەك.

ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ھەر قانداق شەيئىنىڭ ئىككى - يېڭى كونا، تەرىپى، ئاكتىپ، پاسسىپ تەرىپىمۇ، نۇرلۇق، قاراڭغۇ تەرىپىمۇ بولىدۇ. شەيئىلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىككى تەرىپى ئىچىدە، بەرىبىر بىر تەرىپى زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى، يېتەكچى تەرەپ بولىدۇ. مانا مۇشۇ تەرەپ شۇ شەيئىنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. سوتسىيالىزم دەۋرىدە يېتەكچى - ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى چىن، گۈزەل نۇرلۇق تەرەپ. باشقا تەرەپلەر بولسا ئاساسىي تەرەپ ئەمەس. ۋاقىتلىق، تەسادىپ تەرەپ، بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىلا ئاندىن مەدھىيىلەش بىلەن پاش قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، سوتسىيالىستىك دەۋرنىڭ روھىي قىياپىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك دەۋردىكى ماھىيەتلىك چىنلىقنى تونۇۋالغىنىمىزدىلا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ئاساسىي ملودىيىسىدە چىڭ تۇرالايمىز، يەنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدىكى يېڭى پېرسوناژلار، يېڭى ئوبرازلارنى يارىتىپ، خەلقىمىزنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت تەلىپىنى قاندۇرالايمىز. بۇ ھەرگىز ئەدەبىيات - سەنئەتنى بىر خىللاشتۇرۇش، دېگەنلىك ئەمەس، بۇ مەسىلىدە يولداش دېڭ شياۋپىڭ ناھايىتى ئوبدان كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

«بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز جانلىق ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق مەزمۇنغا باي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ماھىيىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشى، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىپىنى ۋە تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشى، شۇنىڭدەك خەلقنى تىرىشىپ سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنى پاتال ئالغا ئىنتىلىش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش روھىغا ئىگە قىلىشى لازىم».«... ئۇلۇغۋارلىق ۋە نەپىسلىك، جىددىيلىك ۋە قىزىقچىلىق، لىرىكا ۋە پەلسەپىۋى قائىدىلەر كىشىلەرنى تەربىيىلەيدىغان ۋە ئۇلارغا ئىلھام بېرەلەيدىغان، خۇشاللىق ۋە گۈزەللىك بەخش ئېتەلەيدىغان بولسىلا ئەدەبىيات - سەنئەت باغچىمىزدىن ئېگىشلىك ئورۇن ئېلىشى كېرەك» (بۇ يەردە ئېگىشلىك، ' ' دېگەن سۆز دىققەت ئېتىبارىمىزنى تارتىشى لازىم) يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى باشتىن ئاياق بوشاشماي كەڭ ئاممىغا يۈزلىنىشى، بەدىئىي جەھەتتىن ئۆز ماھارىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، قولىنىڭ ئۇچىدا كەلسە - كەلمەس ئىشلەپ قويۇشتىن ساقلىنىشى، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئۈستىدە ئەستايىدىللىق ۋە تەلەپچانلىق بىلەن ئويلىنىشى، خەلققە ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقلارنى تەقدىم قىلىشقا تىرىشىشى لازىم.» («دېڭ شاۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 1975 — 1982 مىللەتلەر نەشرىياتى 312، 314-بەتلەر) ھازىر يەنە بەزىلەر: بۈگۈنكى دەۋر بۇرۇنقى بوران چاپقۇنلۇق ئۇرۇش يىللىرىغا ئوخشىمايدۇ، قەھرىمان، شەخسلەر دېگەن جەڭ - ئۇرۇش مەيدانلىرىدا چىقىدۇ، ھازىرقى قەھرىمان چىقىرىدىغان دەۋر ئەمەس، تىنىچ شارائىت بولغاندىن كېيىن شۇ يېزىلىشى كېرەك. دەپ قاراۋاتىدۇ. زىددىيەتسىزلىك نەزەرىيىسىنى تەكىتلەۋاتىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدىن مەلۇم بولىدۇكى، بەدىئىي چىنلىق - تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدىكى قايتا ئويلىنىلغان ئوبيېكتىپ - سۇبيېكتىپ - ئوبيېكتىپتىن ئىبارەت چىنلىق غايىۋى كۆز قاراش ئاستىدىكى چىنلىقتىن ئىبارەت. مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ھەر قانداق بىر بەدىئىي ئەسەر ئەنە شۇ ئوبيېكتىپ - سۇبيېكتىپ — ئوبيېكتىپتىن ئىبارەت ماددىي مەھسۇلاتتىن ئىبارەت. بۇ بىزگە ھەر قانداق بىر بەدىئىي ئەسەرگە تەبىئىي ھالدا ئاپتورنىڭ مەنىۋىيىتى، سۇبيېكتىپى «تۇرمۇش كۆز قارىشى، سىياسىي كۆز قارىشى، قانۇن، دىن كۆز قارىشى .... قىياسى

ھەمدە توقۇلمىسى) قوشۇلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. مەسىلە، رېئال تۇرمۇش ئاساسىدىكى ئاپتورنىڭ سوبيېكتىپ قوشۇلغان بەدىئىي چىنلىقىنىڭ تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كېلىش – كەلمەسلىكىدە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ مەسىلە ئۈستىدە بەزى مۇنازىرىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى.

بىرەر ئەسەر ئۈستىدە كىتابخانلار (جۈملىدىن ئوبزورچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ ئىختىلاپ بولۇشى بىر يازغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرمەيدۇ.

بىر دەۋردە ياشاۋاتقان يازغۇچى، كىتابخانلارنىڭ مەدەنىيەت – مۇھىتى (بۇ يەردە گەپ يەنىلا چىنلىق كۆز قارىشى ئۈستىدە بارىدۇ) ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قايىسىبىرىنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئەسەرنىڭ يوشۇرۇن مەنىسى بىر يولىلا ئاشكارىلانمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر جەريان كېرەك.

ئۇنداق بولسا قانداق بولغاندا ئاپتور بىلەن كىتابخانلار ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق پەيدا بولمايدۇ؟

بۇ قىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئازراقمۇ ئارىلىق بولماسلىقىنى تەلەپ قىلالمايمىز. نادىر يازغۇچى ۋە كىتابخانلار يازغۇچىنىڭ رولى كىشلەرنىڭ نېمە قىلغان ۋە نېمە قىلىۋاتقانلىقىنىلا تەسۋىرلەپ يېزىپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ نېمە قىلماقچى ۋە قانداق قىلماقچى ئىكەنلىكىنىمۇ تەسۋىرلەپ بېرىشى كېرەكلىكىنى چۈشىنىشلىرى لازىم.

”مەدەنىيەت“ دەپ ئاتالغان نەرسىنىڭ ئۆزى باشتىن ئاياق ”خىيال“دىن ئىبارەت،سەنئەت خىياللار بىلەن ياشايدۇ. يەن خىياللارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. خۇددى مانا مۇشۇ خىياللار ۋە ئويلاشلار ئادەمنى ھايۋانلاردىن يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. گوركى «يەنە ساۋاتلىق بولۇش توغرىسىدا» (گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» 1 – كىتاب. 1957 – يىلى تاشكەنت «شەرق ھەقىقىي» نەشرىنىڭ 33 – بېتى) دېگەن ئەسىرىدە ئۇچار گىلەم توغرىسىدىكى چۆچەكنى تىلغا ئېلىپ «بىزنىڭچە ئارىلىق قانچە يىقىن بولسا شۇنچە ياخشى» (ھېچقانداق ئارىلىق بولماسلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس ئەلۋەتتە) دېگەن.

گىپىمىزگە قايتساق، بەدىئىي ئەسەردىكى قىياس، پەرەز (بۇ بەدىئىي ئەدەبىياتا توقۇلما، دېيىلىدۇ) تۇرمۇش مەنتىقىگە قانچىكى يىقىن بولسا، ئۇنى كىتابخان تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتىپ ئۇنىڭغا قايىل بولسا، ئۇ ھالدا ئاپتور ئەسىرى بىلەن كىتابخان ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق قىسقا بولىدۇ. ئۇتەلمىگەندەك غار بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا ئارىلىق شۇنچە يىراق، غار شۇنچە چوڭقۇر بولىدۇ.

يوقىرىدىكى بىر قاتار بايانلاردىن شۇنداق يەكۈننى چىقىرالايمىزكى،سەنئەت گەۋدىسى سەنئەتنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىنىپ مۇئەييەن مەشغۇلاتتىن ئىبارەت بۇ قورالدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ ئوبراز يارىتىش ئارقىلىق بەدىئىي چىنلىق ھاسىل قىلىپ كىتابخانلاردا ھىس – زوقلىنىش پەيدا قىلىدىغان پائالىيەت جەريانىدىن ئىبارەت. (بۇ يەردىكى سەنئەت قانۇنىيىتى، دېگەن سۆزگە دىققەت قىلىنسۇن)

خېگىر مۇنداق دېگەن: سەنئەتتىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە ئۇنىڭ بىۋاستە چۈشىنىلىشىدە. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات – سەنئەت خەلق ئاممىسىنىڭ سەنئىتى، خەلق ئاممىسى ئۆز سەنئىتىنى بىۋاستە چۈشىنەلىشى كېرەك، سوتسىيالىزم دەۋرىدە خەلق ئاممىسى ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىسىلا بولۇپ قالماي يەنە سەنئەتنىڭ ئىستېمالچىسى. شۇڭا سوتسىيالىستىك ئىجادىيەت گەۋدىسى خەلق ئاممىسىنى قەلبىگە يۈكۈنۈشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى ئاپتورلار بىلەن كىتابخانلار ئوتتۇرىسىدا ”گۇڭگا“ شېئىرلارنى مەركەز قىلغان بەزى مۇنازىرىلەر كۆرۈلدى. بۇ بىر خىل غەيرىي نورمال ئەھۋال. بۇ غەيرىي نورمال ئەھۋال يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرۇش يولى بىلەن تەدرىجىي ئۆزگىرىدۇ ۋە ئۆزگىرىلمەكتە، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ گەۋدىسى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز تەلىپى بىردەك.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلاھاتچىلىق ئېقىمى

قادىر ئەكبەر

ھەر قانداق مىللىي ئەدەبىيات مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ تۈپ مەقسىدى — ئۇنىڭدىكى ئىجابىي تەجرىبىلەرنى ۋە ئۇنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى ئېچىپ، بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن ئۆرنەك بولالايدىغان خۇسۇسىيەتلىرىنى چوڭقۇر ھەمدە تەنقىدى مۇلاھىزە قىلىش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. «قۇتادغۇبىلىك» داستانى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەزى تەرەپلەردە بۈگۈنكى دەۋرىمىز ئۈچۈنمۇ ئۆرنەك بولىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ پەلسەپە ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى تارىخىي ئەھمىيىتى ئۇنىڭ تىل ۋە بەدىئىيلىكى جەھەتتىكى ئەدەبىي قىممىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر. چۈنكى بۇ ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، تەرغىب قىلىنغان ۋە ئالغا سۈرۈلگەن تۈپ ئىدىيە ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامىيەت شەرقىدىكى، بولۇپمۇ قەشقەرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئىلغار پەلسەپە ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇ ئېقىم پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا نىگىزى چوڭقۇر، تەسىرى كەڭ ھەمدە ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بىر ئىجتىمائىي ئىسلاھات دەۋرىنى باشلاپ بەرگەن ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئەنە شۇ بۈيۈك ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسىي ئىدېئولوگىيىسى ۋە چوڭقۇر تەسەۋۋۇرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئەسەر ئۆز دەۋرىدە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر ئىسلاھات دەستۇرى سۈپىتىدە ئېتىبار قازانغان.

9 — 12 - ئەسىرلەر — ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر نەچچە مەركەزلەشكەن فېئودال دۆلەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش ۋە گۈللىنىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ فېئوداللىق ئىقتىسادىي بازىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان دۆلەت ئاپپاراتىغا ئىگە ئىدى. دۆلەت ھوقۇقى ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان ھەر خىل قانۇن - نىزاملار شەكلىدە يۈرگۈزۈلەتتى. بۇنداق قانۇن - نىزاملار ماھىيەت جەھەتتىن رەئىيەت ھوقۇقىنى چەتكە قاقاتتى. جەمئىيەتنىڭ خەلقچىل بولۇشى ئۈستىدىكى تەلەپلەر ئەينى دەۋردە ھوقۇقشۇناسلىق ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان ئىدى.

ھوقۇقشۇناسلىق — ئوتتۇرا ئەسىردىكى پەلسەپە ئىلمىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ھاكىمىيەت بىلەن خەلق، دىن بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى مۇرەسسە قىلىشقا، شۇ ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئىنتىلەتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئۇرۇنۇش ئاشۇ دەۋر تەرەققىياتىغا نىسبەتەن بىر ئىسلاھاتچىلىق ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

9 - ئەسىردە ئەبۇ نەسىر فارابى ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىسلاھات ئىدىيىسىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ۋە جەمئىيەتنى تۈزەشنىڭ ئۆز دەۋرىدىن ھالقىغان نورمىلىرىنى تەرغىب قىلدى.

10 - ئەسىردىكى سامانىلار دەۋرىدە بولسا، بىرۇنى ۋە ئىبنى سىنالار فارابىنىڭ ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئادىل ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بەرپا قىلىش يولىدا بىر خىل ئىدىيىۋى ئىنتىلىشنى ئىلگىرى سۈردى.

9 - 10 - ئەسىرلەردىكى بۇ خىل غايە كېيىنكى دەۋرلەر ئۈچۈن چوڭقۇر ئىجتىمائىي تەسىر قالدۇردى. فارابى، بىرۇنى ۋە ئىبنى سىنا قاتارلىق ھوقۇقشۇناس - ئىسلاھاتچى نامايەندىلەرنىڭ ئەسەرلىرى 11 - ئەسىرگە كېلىپ قاراخانىيلار دەۋرىدە تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ھەممە پەيلاسوپلار ۋە ھوقۇقشۇناس - ئىسلاھاتچىلارنىڭ تەلىماتلىرىدىنمۇ يېڭى، چوڭقۇر ۋە كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى كەڭ بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي تەبىقىلەر

ئوتتۇرىسىدىكى مەۋجۇت زىددىيەتلەرنى ئوبيېكتىپ ۋە سوبيېكتىپ جەھەتتىن مۇرەسسە قىلىشقا ئىنتىلدى. ھەمدە ھاكىمىيەت بىلەن خەلق، دىن بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە ئۆز دەۋرىدىن ئالغا كەتكەن ئىلغار ئىسلاھات لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئارزۇ قىلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز ئەسىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرگەن ئىسلاھاتچىلىق غايىلىرىنى ناھايىتى قىسقا قىلىپ ئۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا جەملەپ كۆرسىتىش مۇمكىن:

1. ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى جەھەتتە ھوقۇقنى نىسپىلەشتۈرۈش، دۆلەت باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئىسلاھ قىلىش غايىسى: يەنى دۆلەت باشقۇرۇشتا ھاكىم مۇتلەق بولۇۋالماسلىق، بىلىملىكلەر ۋە ياخشىلارغا، شىجائەتلىكلەر ۋە خەلق ئۈچۈن غەرەزسىز خىزمەت قىلىدىغانلارغا ھوقۇق بېرىش؛

بۇ غايىنى مۇئەللىپ، ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىغا ماس كېلىدىغان ۋە ئەينى دەۋر دۇنيا قارىشى ئۈچۈن غەيرى تويۇلمايدىغان ئۇقۇملار ئارقىلىق پۈتۈن ئەسەرنىڭ روھىغا سىڭدۈرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئەمەل، مەنسەپ، دۆلەت، بايلىق ھېچكىمگە مەڭگۈلۈك بولالمايدۇ. ئۇ بىر كېلىپ، يەنە كېتىدىغان نىسپىي نەرسە، شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەن بەخت، دۆلەت ۋە ھوقۇققا بېرىلمەسلىك، ئۇنى مەڭگۈ «مەندىلا بولىدۇ» دەپ قارىماسلىق، ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىپ، كەتمەسلىك كېرەك. بەگ (پادىشاھ) ھايات ۋاقتىدا پەقەت ئەزگۈ (ياخشى) ئىشلارنى قىلىشى، راستچىل ، ئادىل كىشىلەرگە تايىنىشى، خەلققە مېھرىبان بولۇشى لازىم. مۇئەللىپ ھۆكۈمدارنىڭ ھوقۇقنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشتۈردى:

(1) مەملىكەتتە ئىقتىسادنى توغرا باشقۇرۇش، پۇل مۇئامىلىسىدە پاك بولۇش، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش؛ (2) توغرا، ئادىل قانۇن ئورغۇزۇش، رەئىيەت قانۇن ئالدىدا باب - باراۋەر بولۇش، بىرى - بىرىنى بوزەك قىلىشقا يول قويماسلىق؛ (3) دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى، تىنچلىقىنى قوغداش - يوللارنى بىخەتەر قىلىش، ئىجتىمائىي تەرتىپنى ياخشىلاپ، ئوغرى، قاتىل ۋە باشقا قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە يول قويماسلىق، قانۇننى دۆلەت ئورگانلىرى نەمۇنە بولۇپ ئىجرا قىلىش.

بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە، نىزامۇلمۇلكىنىڭ «سىياسەتنامە» سىدە، ئىبنى سىنانىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى ۋە ئەلى ئىبنى ئىسھاق ئەتتۇسىنىڭ «سىيەر ئەلمۇلك» (1) ناملىق ئەسەرلىرىدىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. لېكىن، ئۇلار بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنى نوقۇل ئىسلام ئەلىماتى ۋە غايىۋى ئارزۇلار بويىچە شەرھلىگەن، ئەمما، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ھوقۇقشۇناسلىقتا ۋە ھاكىمىيەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئائىت بۇ ئىسلاھات خاراكتېرلىق پىكرىنى رېئال ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ۋە ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئېلىنغان تىپىك ئوبرازلارنى يارىتىش يولى بىلەن كىشىگە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان، روھىي دۇنياغا تاقىلىدىغان يۈكسەك بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇڭا ئۇنىڭ داستانى ئەينى دەۋردىلا شەرق ئەللىرى تەرىپىدىن «ئەدەبۇل مۇلۇك»، «زىنەتۇل ئۇمەرا»، «شاھنامەئى تۈركى» دېگەندەك تەرىپلەر بىلەن سۈپەتلىنىپ، شاھ ئوردىلىرىنىڭ ئېتىبارلىق رىسالىسى بولۇپ كەلدى. مۇئەللىپنىڭ بۇ غايىسى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن قانچىلىك ئەسىر ئۆتكۈزگەنلىكى — ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى تەرەققىياتىغا نىسبەتەن قانداق ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغانلىقى ھەققىدە كونكرېت بىر نەرسە دېيىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرلەر ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىگە بولغان تەسىرى ھەققىدە ئورغۇن مىساللارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. شۇ نۇقتا روشەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن يەنە كۆپلىگەن پەيلاسوف، ھوقۇقشۇناسلار

(1) «سىيەر ئەلمۇلك» — 11 - ئەسىرنىڭ يىرىك دۆلەت ئەربابى ۋە ئالىم ئەلى ئىبىن ئىسھاق ئەتتۇسىنىڭ (1018 — 1092 - يىللار) دۆلەت ۋە ئۇنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم ئەسىرى.

«قۇتادغۇبىلىك» غايىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىنغان ئىسلاھات خاراكتېرلىك پىكىر، غايىلەرنى تەرغىپ قىلىپ، فېئوداللىق ھاكىمىيەت زېمىنىدە ئۆزگىرىش ياساشقا ئۇرۇنغان.

2. مۇئەللىپ پۈتۈن ئەسەردە ناھايىتى زور دادىللىق بىلەن ئۆز دەۋرىدە ھۆكۈمران بولغان ئىسلام دوگمىسىغا قارىمۇ - قارشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىن بىلەن رېئال ھايات ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە نىسبەتەن يېڭىچە مۇناسىۋەتتە بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئەسىر ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى دىن بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ئاساسلانغان پەلسەپە تەبىئەتنى تونۇشتا «ھېچنەرسىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئالەمنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە ئىنتىلىش، ئىنسانلىق ۋۇجۇدىغا يات» دەپ قارايتتى. بۇ ئۇقتىنەزەر بويىچە، جەمئىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنىڭغا قارىمۇ - قارشى ھالدا، «ئىنسان بىلمەيدىغان ۋە بىلەلمەيدىغان شەيئى يوق، ھەر بىر نەرسىنى بىلىش، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە يېتىش، ئىنسان ۋۇجۇدىغا خاس ئەقلىي قۇدرەت» دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنداق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇئەللىپ ياشىغان دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا جاسارەتلىك ھەرىكەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە ھۆكۈمران بولغان ئىدېئولوگىيىگە قارىمۇ قارشى ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ پىكىر ۋە دۇنيا قارىشى رېئال ئىجتىمائىي تىپلارنىڭ مەنىۋى ئوبرازى ۋاستىسى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكتىن، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا سۈكۈت قىلىشىغا سەۋەب بولدى. مۇئەللىپ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ «خەتەرلىك» پىكىرلىرىنى ناھايىتى نەپىس بەدىئىي ئوبرازلاردا ئەكس ئەتتۈرگەن. چۈنكى شۇ خىلدىكى ئۇقتىنەزەرنى تەرغىپ قىلغان مەنسۇر ھاللاجنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئايان بولسا كېرەك.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ روھ، ئىلاھ ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغا ئاساسلانغان، ئۇ، «خۇدا تەبىئەتتىن تاشقىرى ئالاھىدە ۋۇجۇد ئەمەس، ئۇ پۈتۈن مەۋجۇدىيەتكە، تەبىئەتكە سىڭىپ كەتكەن، ھەممە مەۋجۇد نەرسىلەر ئىلاھنىڭ بەلگىسى بولالايدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش تەبىئەتتىن تاشقىرى قانداقتۇ روھىي قۇدرەت مەۋجۇدلۇقى ھەققىدىكى چېكىدىن ئاشقان ئىدىيالىستىك دۇنيا قاراشقا قارىغاندا خېلىلا ئىلغار كۆز قاراش بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس دەۋرىلىك دۇنيا قاراشنىڭ بىخلىرى مەۋجۇدتۇر.

مۇشۇ ئۇقتىنىڭ ئۆزى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز دەۋرىدىن ئىلگىرى كەتكەن ئىلغار پىكىرلىك، رېئالىست ۋە ئىسلاھاتچى نامايەندە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا كۇپايە قىلىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەھكەملەنگەن بىر دەۋرىدە يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا رېئال دۇنيانى سۆيۈش كەيپىياتى ناھايىتى كۈچلۈك ئورۇن ئالغان. مۇئەللىپ خۇدانى ئېتىراپ قىلىش ۋە دىن، شەرىئەت يولىنى بىردەممۇ تەرك قىلماسلىقنى تەرغىپ قىلىدۇ، لېكىن، ئۇنىڭ بۇ تەرغىباتى ھەرگىزمۇ دوگما ئەمەس، ئۇ رېئال ھايات مەسىلىسىدە پەقەت دىنغا، تائەت - ئىبادەتكىلا باغلىنىپ قالماسلىقنى، بۇ دۇنيا ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى تەكىتلەيدۇ. پۈتۈن جەمئىيەتنى بۇ دۇنيا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، ياشاش ۋە دۇنيادا بەختلىك بولۇش تەدبىرلىرىنى دىنىي ئېتىقاد ئۈچۈن قۇربان قىلىۋەتمەسلىككە دەۋەت قىلىدۇ. مۇئەللىپ يەنە، «بۇ دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ، تەركى دۇنيا بولۇپ كېتىش - ئاجىزلىقتۇر، ئىنسان ۋۇجۇدىغا يات ھەرىكەتتۇر، ھەممە ئادەم تائەت - ئىبادەت ئۈچۈن تەركى دۇنيا بولسا، بۇ دۇنيا بوش بىر نەرسە بولۇپ قالامدۇ؟ بۇ دۇنيا نېمەتلىرىدىن ۋاز كەچمەسلىك كېرەك، ئۇنىڭدىن، بەھرىمەن بولۇش، باشقىلارنىمۇ بەھرىمەن قىلىش، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئايان قىلىش لازىم» دەپ قارايدۇ. مۇئەللىپنىڭ بۇ بايانلىرى كېيىنكى ئۇزۇن دەۋرلەر داۋامىدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيە تارىخىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنى قەيت قىلىشقا بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ گەرچە ئۆزىنى «تەقۋادار مۇسۇلمان» دەپ ھېسابلىسىمۇ، لېكىن دىن بىلەن رېئال تۇرمۇش، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى تونۇش مەسىلىسىدە ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن يېڭى پىكىر، غايىلەرنى جاسارەت

بىلەن تەرەننۇم قىلىدۇ: «قۇتادغۇبىلىك» دە ئىككى خىل دۇنيا قاراش، ئىككى خىل ئىدىيۋى كەيپىيات ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش باشتىن - ئاخىر گەۋدىلەنگەن. ئۇنىڭ بىرى — چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك، جاھالەت. يەنە بىرى — روھىي كۆتۈرەڭگۈلۈك، ئۈمىدۋارلىق ۋە كېلەچەككە ئىشەنچ بىلەن قاراش. بۇ كۆرەشتە ھاياتقا ئىشەنچ بىلەن قاراش كەيپىياتى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئەسەر سۇژېتىدىكى بۇ مەركىزىي نۇقتا بىزگە ئوتتۇرا ئەسىر دۇنياسىدىكى كەسكىن كۆرەشلەرنى ۋە بۇ كۆرەشتە ئىلغار پىكىرلەرنىڭ قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يۇقىرى تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

3. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىجتىمائىي تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى، رەئىيەت بىلەن ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش غايىسىنى تەرغىب قىلىدۇ. بۇ ئۇقتىنى ئاساس قىلغان ئاپتور خەلق بېيىسا، دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ، قانۇن تۇرغۇزۇلسا، ئادىل جەمئىيەت بەرپا قىلغىلى بولىدۇ، ھاكىمىيەتنىڭ بۇرچى — خەلقنى كەمبەغەللىكتىن قۇتقۇزۇش، جەمئىيەتنى روناق تاپقۇزۇش، دېگەن كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كەمبەغەللەر، يېتىم - يېسىرلار، زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلگەن، خانىۋەيران بولغان، ھوقۇقسىز مەزلۇملار توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ھۆكۈمدارنى ئۇلارغا نىسبەتەن رەھىم - شەپقەتلىك بولۇشقا، مال - دۇنيانى قىزغانماستىن ئۇلارغا تارقىتىپ بېرىشكە، تۇل - يېتىملەرگە نەپىقە بېرىش، ئاجىز - مېيىپلارنى قۇتقۇزۇش، خەزىنىنى شۇلارنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ بەگلەرنى (ئەمەلدارلارنى) ئۆزىدىن تۆۋەن تەبىقىدىكى ئاھالىگە ئادىللىق ۋە ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا چاقىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆز دەۋرىدە بىر ئىسلاھاتچى، كېلىشتۈرگۈچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، رەئىيەت نامىدىن بەگلەرنىڭ ئالدىغا ۋە بەگلەر نامىدىن رەئىيەت ئالدىغا ئۇرغۇن ئىجابىي تەلەپلەرنى قويىدۇ، بۇ تەلەپلەر تولۇق ئىجرا قىلىنغاندىلا، خەلق بەگنىڭ ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى، خەلقمۇ بېيىپ، ھاكىمىيەت مۇستەھكەملىنىپ، دۆلەت قۇدرەت تاپىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

زۇلۇم ۋە جاھالەت، ئىنساپسىزلىق ۋە رەزالەت ئەۋجگە چىققان، ھاكىم مۇتلەقلىق ئاساسى ھوقۇق پەللىسىدە تۇرغان ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا شاھ بەگلەرنى ھۆكۈمدار ئىجتىمائىي قاتلامنى ئىنساپ ۋە ئادالەتكە، شەپقەت ۋە ساخاۋەتكە دەۋەت قىلىش، ھۆكۈمدارلارنى ئادىل، توغرا خەلقپەرۋەر سىياسەت يۈرگۈزۈشكە چاقىرىش — يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ غايەت زور شىجائىتى ئىدى! بۇنى يەنە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلاھاتچىلىق ئېقىمىنىڭ زەپەر مارشى دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

4. جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتكە بىردەك ئەھمىيەت بېرىش مەسىلىسى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يەنە بىر مەركىزىي ئىدىيىسى. مەنىۋى مەدەنىيەت - ئىلىم - پەننىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ساھەسىدىكى رولى ھەققىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن ئاۋۋال ئۆتكەن دانىشمەنلەرمۇ كۆپ پىكىر يۈرگۈزگەن ئىدى. لېكىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشى ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدىلىك بىلەن باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلىق ھالدا يېڭى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدى: يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى جەمئىيەتنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن ئۆزۋى باغلىق بولۇشى كېرەك، دەپ قارىدى. ئۇ «بەگ دېمەك، بىلىم دېمەكتۇر» دېگەن مەشھۇر قائىدىنى ئالغا سۈردى. ئوتتۇرا ئەسىر شەرق جەمئىيىتىدە پادىشاھلىق بىلەن بىلىم، ئىككى نەرسە، دەپ قارىلاتتى. بولۇپمۇ، ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا بىلىم چۈشەنچىسى پەقەت روھانى قائىدىلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

دۇنيادا ئادەم پەيدا بولغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بىلىم ۋە زاكاۋەتلىك كىشىلەرلا ئەزگۈ (ياخشى) ۋە ئادىل سىياسەت يۈرگۈزۈپ كەلگەنلىكى، دۆلەتنى باشقۇرۇشتا ئەلەم بىلەن قەلەمنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن دادىل ئوتتۇرىغا قويىدى. ئاپتور پۈتۈن داستانىدا ئىلىم - مەرىپەت ئەھلىنى باشتىن - ئاخىرغىچە ناھايىتى قەدىرلىدى، ھەممە دەۋردە، ھەر قانداق يەردە ئۇلارنىڭ ئورنى ئۈردە بولۇشى لازىملىقىنى

تەكىتلىدى. ھاكىمىيەت ۋە مەنسەپ ئورۇنلىرىنى تەسادىپەن ئىگىلىۋالغان جاھىل ۋە بىلىمسىزلەرنى قارىلاپ، «ئۇلارنىڭ ئوردىن ئىگىلىگەن ئورنى بەربىر پەگا ھېسابلىنىدۇ» دەپ قارىدى.

2

ئومۇمەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا 11 - ئەسىر شارائىتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇكەممەل بىر ئىسلاھات ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلگەن. ھاكىمىيەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ماددىي، مەنىۋى ئەھۋالىدا تۈپ ئۆزگىرىش ياساشنى مەقسەت قىلغان تارىخىي ئابىدىدۇر.

ھەر بىر دەۋر، ھەر بىر جەمئىيەت ئۆز مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىغا ئىگە. ھەر بىر دەۋرنىڭ مەدەنىيىتى ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى، بازىسىغا بېقىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىدۇ. لېكىن، دەۋر ئالماشقاندا بىر ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي فورماتسىيە ئىككىنچى بىر ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي فورماتسىيىگە مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى قالدۇرىدۇ. ھەر بىر جەمئىيەت، ئۇنىڭدىكى سىنىپ ۋە ئىجتىمائىي تەبىقىلەر ئۆتمۈشنىڭ مىراسىنى قايتا ئىشلەپ، ئۇنىڭدىن تەنقىدىي ئۆرنەك ئالىدۇ ۋە ئىجادىي پايدىلىنىدۇ. مىراس بولۇپ قالغان يادىكارلىق ئۆزى ۋۇجۇدقا كەلگەن دەۋردە قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بولسا، كېيىنكى دەۋردىمۇ ئەينەن شۇنداق ئەھمىيەتكە ئىگە بولالىشى ناتايىن. چۈنكى، ئۇ يېڭى تارىخىي شارائىتتا، يېڭى ئىجتىمائىي تەبىقىلەر چۈشەنچىسى ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ - دە، شۇڭا، ئۇنىڭ مەزمۇنىدا قاندۇقتۇ بىر نەرسە كونىراپ قالغاندەك، ۋاقتى ئۆتكەندەك، گويا رېئال ئەھمىيىتى يوقتەك بىلىنىدۇ. لېكىن، ئىجتىمائىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن. ھاياتتىكى چىن ھەقىقەتنى تەرەننۇم قىلغان ۋە توغرا دۇنيا قاراش بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈلگەن ئۆتمۈش مىراسلىرى ئۆزىنىڭ ئىجابىي نۇقتىلىرى ۋە ھەقىقەتنى ئېچىپ بەرگەن ئىلغار خۇسۇسىيەتلىرى سەۋەبىدىن گويا بۈگۈنكى جەمئىيەتكىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان مەزمۇنى بىلەن يەنە ياشاپ كېتىۋېرىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسى گەرچە ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە ئۆزىدىن كېيىنكى دەۋرلەر ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئۇنى ھازىرقى دەۋرىمىزگە ئۇيغۇن، دەپ قاراشقا ئەسلا بولمايدۇ. بىراق، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆپلىگەن نۇقتىئىنەزەرلىرى بىزگە تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئىدېئولوگىيە تارىخىدا بىر ئىلغار پىكىر ئېقىمىنىڭ كۆپ ئەسىرلەر رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ئەخلاقى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى، مەنىشى بۇزۇقلۇققا، خىيانەتچىلىك، پاراخورلۇق ساختىپەزلىككە قارشى نەپرىتى، ھەشەمەتچىلىكنى، ئىسراپخورلۇقنى قارىلىشى، رېئال دۇنيا تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلىشى، جامائەت پاراۋانلىقىنى ئاشۇرۇش، دۆلەت ئىقتىسادىنى بۇزۇپ - چاچماسلىق توغرىسىدىكى پىكىرلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئورغۇن نۇقتىئىنەزەرلەرنى ھازىرقى دەۋر ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى دەپ قاراشقا بولامدۇ؟

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دانالىقى، ئۇلۇغلىقى ئەنە شۇ نۇقتىدا. دەرۋەقە، ئۆتمۈشتىكى مۇتەپەككۇرلاردىن ئۇلار ياشىغان تارىخىي شارائىت يول قويمايدىغان نەرسىلەرنى، ئۆز دەۋرىدە تېخى پەيدا بولمىغان ئىدېئولوگىيىنى، پەقەت ھازىرقى دەۋر ئۈچۈن خاراكتېرلىق بولغان تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ. ئەلبەتتە. ماركس قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ يادىكارلىقلىرىغا قانداق باھا بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا، تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتقان ئىدى:

«... مىلتىق دورىسى ۋە قوغۇشۇن كەشىپ قىلىنغان دەۋردە ئاخىللېس (1) نىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ياكى، ھەرپ بېسىش ستانوكى ... باسما خانا ماشىنىسى كەشىپ قىلىنغان زاماندا «ئىلىئادا» ئەسىرنىڭ يېزىلىشى

(ئاخىرى 58 - بەتتە)

# ئپتدائي جەمئيەت دەۋرىدە شنجاڭدا ياشغان قەدىمكي ئنسانلار

يۇنۇسجان ئىلى

يېقىنقى يىللارغىچە شنجاڭدىن كوناتاش قورال دەۋرىگە ئائىت خارابە ئىزلار تېپىلمىغاچقا، شنجاڭدا ياشىغان قەدىمكي ئنسانلار توغرىسىدا بىرەر ئىلمىي يەكۈن چىقىرىلمىغان ئىدى. ئەمما، 80 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قېزىش ۋە تەكشۈرۈش ئىشىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ھەقتە بەزى يەكۈنلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، شنجاڭ رايونىدا خېلى بۇرۇنلا ئنسانلارنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسپاتلاندى. بولۇپمۇ يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكي جەسەتلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئانترولوگىيىلىك تەتقىقاتلار ۋە تاش قوراللار ئىپادە قىلغان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى بىزنى ئپتدائي جەمئيەت دەۋرىدە شنجاڭدا ياشىغان قەدىمكي ئنسانلار توغرىسىدا مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى.

1. يەتتە قۇدۇق ئويمانلىقىدا ياشىغان قەدىمكي ئنسانلار.

يەتتە قۇدۇق ئويمانلىقى بىپايان قۇملۇق. ئەمما بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ تەبىئي شارائىتى ھازىرقىغا تۈپتىن ئوخشىمايتتى. بۇ ئويمانلىقنىڭ شەرق تەرىپىدە چوڭ بىر ئېقىن بولۇپ، ئېقىننىڭ ئىككى ياقىسى قويۇق ئورمانلىق ئىدى. ئورمانلىقتا قوي، تۈلكە، توشقان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ياشايتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەردە بىر توپ ئپتدائي كۆچمەن ئاھالە بولۇپ، ئۇلار ئۇزۇن چاچ قويىۋاتتى، تېرىدىن ئىشتان، چاپان كىيەتتى، ئوقيا ـ تاش (سالغا، كالتەك قاتارلىق قوراللار) بىلەن ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يەيتتى. ئۇسۇملۇك مېۋىسى ۋە ئۇسۇملۇك يىلتىزىمۇ ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇقى ئىدى. يەتتە قۇدۇق ئويمانلىقىدا ياشىغان ئاھالىلەر ئوتكۇر بىسلىق، قىرلىق تاشلاردىن ھەر خىل قوراللارنى ئىشلەپچىقارغان ئىدى. «تاش قوراللارنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر چوڭ كۋارتىس تاشلاردىن ئۇرۇپ ياسالغان چوقۇش قوراللىرى، كىچىك ئۇزۇنچاق تاش ياپراقچىلار ۋە بىگىز شەكىللىك تاش مېغىزى قاتارلىقلار بار ئىدى.» ئۇنىڭدىن باشقا، ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزى، قوۋۇرغا سۆڭەكلىرى ۋە چىشلىرىدىن تۈرلۈك شەكىلدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنىمۇ ياسىغان. ئۇلار ئوتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىپ، ئوتنى ئەركىن ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن. «يەتتە قۇدۇق خارابىسىنىڭ ئىچىدە ھازىرمۇ خېلى زور كۆلەمدىكى ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن كۈل دۆۋىسى ۋە ياغاچ كۆمۈر پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.»

2. لوپنۇر رايونىدا ياشىغان قەدىمكي ئنسانلار

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3000 ـ 4000 يىللار ئىلگىرى ھازىرقى لوپنۇر رايونىدا بىر توپ ئپتدائي ئنسانلار ياشىغان. قېزىۋېلىنغان باش سۆڭەكلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئانتروپولوگىيىلىك تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، «قەبرىستانلىقتىن چىققان باش سۆڭەكلەر ھازىرقى زامان ئۇزۇن باشلىق ياۋروپا ئىرقىنىڭ شىمالىي ياۋروپا تىپىدىكى كىشىلىرىنىڭ باش سۆڭىكى بىلەن مەلۇم جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ» دەپ خۇلاسە چىقىرىلغان. لېكىن مېيىت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن باشقا يادىكارلىقلار، 23 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان چاكاندا شىبخى ۋە شۇ قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئايال جەسىتىنىڭ بېشىغا ئۇچلۇق كىگىز بۆك كىيگەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار شنجاڭنىڭ قەدىمكي زامان تارىخىدا بىر قەدەر كەڭ تارقالغان ساكلار ئىرقى بىلەن ئېتنوگرافىيە جەھەتتە مەلۇم ئوخشاشلىقلارغا ئىگە. دەرۋەقە، لوپنۇر رايونىدا ياشىغان قەدىمكي ئنسانلاردىكى بۇنداق ئالاھىدىلىك ئازادلىقتىن ئىلگىرى لوپنۇر رايونىدا قېزىۋېلىنغان باشقا قەبرىلەردىمۇ بار بولۇپ، ئېلىمىز ئالىمي خۇاڭ ۋېنبي ئۇ قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان جەسەتنىڭ ئۇرقى، كىيىم ـ كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى، بولۇپمۇ ئۇلگۇچىنىڭ ئۇچلۇق كىگىز قالپاق كىيگەنلىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، «كىروورانلىقلار بىلەن ساك قەۋمىدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بارلىقىدىن گۇمانلىنىش ھاجەتسىز» دەپ قارىغان. بۇ لوپنۇر رايونىدا ياشىغان بۇ تۈركۈم كىشىلەرنىڭ

شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلار بىلەن مەلۇم ئوخشاشلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

لوپنۇر رايونىدا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلار تۈرلۈك ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي قول سانائىتىنى بەرپا قىلغان. مەسىلەن، توقۇمىچىلىق ئەينى ۋاقىتتا لوپنۇر كىشىلىرىنىڭ مۇھىم ئائىلە قول سانائەت تارمىقى ئىدى. ئۇلار يۇڭدىن يىپ ئېگىرىپ، ھەر خىل كىيىم - كېچەكلەرنى توقۇپ كىيگەن، بولۇپمۇ قەبرىلەردىن مېيىت بىلەن بىللە قېزىۋېلىنغان ئۈچلۈق كىگىز يۇڭ تېخىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە ئىشلەنگەن. يۇڭ ماتېرىياللىرىنى بۇنداق پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى لوپنۇر رايونىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت داۋامىدا توپلىغان قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن.

بۇ مەزگىلدە لوپنۇر رايونىدا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلار يەنىلا ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇراتتى، ئۇلارمۇ قومۇلنىڭ يەتتە قۇدۇق ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەرگە ئوخشاش توپلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. لېكىن لوپنۇر رايونىدىكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئاياللارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ياغاچ قورچاقلار ئاياللارنىڭ ئورنىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئەرلەرگە قارىغاندا خېلىلا يۇقىرىلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، لوپنۇر رايونىدىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان چاكاندا ئۆسۈملۈكى ۋە قەبرە سىرتىغا قۇياشقا تەقلىد قىلىپ چۆرىدەپ قېقىلغان ياغاچ قوزۇق قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ تەبىئەتنىڭ سىرلىق كۈچىگە بولغان ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئېنىق گەۋدىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. تارىم ئويمانلىقىنىڭ چەرچەن ۋە لوپ تارمىقىدا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلار

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2000 - 3000 يىللار ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ چەرچەن ۋە لوپ تارماقلىرىدا يەنە بىر تۈركۈم قەدىمكى ئىنسانلار ياشىغان. ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشىمۇ لوپنۇر رايونىدا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۆزگىچىلىككە ئىگە. دەسلەپتە بەزى كىشىلەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ لوپ تارمىقىدىكى سەنپۇلا قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان باش سۆڭەكلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى «چوڭ موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، لېكىن ياۋروپا ئىرقىنىڭ خېلى ئېنىق خۇسۇسىيەتلىرىمۇ مەۋجۇت» دەپ ھۆكۈم قىلىشقانىدى. كېيىن خەن كاڭشىن ئەپەندى ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارنى قايتىدىن تەھلىل قىلىپ، سەنپۇلا قەبرىستانلىقىدىن چىققان باش سۆڭەكلەردە غەرب ئىرقىنىڭ خۇسۇسىيىتىنىڭ ناھايىتى گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ چەرچەن تارمىقىدىكى زاغۇنلۇقتىن قېزىۋېلىنغان باش سۆڭەكلەر تەتقىق قىلىنمىغان بولسىمۇ، دەسلەپكى قېزىش دوكلاتىدا خەۋەر قىلىنغان، 2 -، 85 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان ئەر جەسەتنىڭ «يۈزى دۈگىلەك، بۇرنى قاڭشارلىق، قاش، كىرپىك، ساقال، بۇرۇتلىرى، ھەتتا مەيدە تۈكلىرى ئەينەن ساقلانغان» لىقىدىن قارىغاندا، تىپىك غەرب ئىرقى خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. دېمەك، تارىم ئويمانلىقىنىڭ بۇ تارمىقىدا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلارمۇ شىنجاڭدىكى قەدىمكى ساكلار ئىرقى بىلەن مەلۇم ئوخشاشلىقلارغا ئىگە.

لېكىن شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ بۇ تارمىقىدا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلار يالغۇز تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىلا بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ياراتقان ماددىي مەدەنىيىتى جەھەتتىمۇ خېلى زور ئۆزگىچىلىككە ئىگە. مەسىلەن، قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان تۈرلۈك بۇيۇملاردىن، بولۇپمۇ ھەر خىل يۇڭ توقۇلمىلاردىن، ياغاچ ئەسۋابلارنى پىششىقلاپ ئىشلىگەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان تېرىق ئۇنىدىن پىشۇرۇلغان توقاچ ۋە كاۋاپ قاتارلىق تائاملارنى تەييارلاپ يېگەنلىكىدىن بىر خىل ئەنئەنىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

شىنجاڭدىن تېپىلغان كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت خارابە ئىزلار ۋە قەدىمكى كەنت ئىزلىرىنىڭ سانى بىر قەدەر چەكلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا شىنجاڭ رايونىدا يارىتىلغان ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.

# ئۇيغۇر كىيىملىرى ھەققىدە

شېرىپ خۇشتار

ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ياراتقان شانلىق مەدەنىيىتى ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىر گۆھەر، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان كىيىم - كېچەك (كىيىم - كېچەكنىڭ ماتېرىيالى بولغان توقۇلمىلار) ئەنە شۇ مول مەدەنىيىتىمىزنىڭ بىر كىچىك تەركىبىي قىسمى.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ قاچان، قەيەردە باشلانغانلىقى توغرىسىدا بەك تەپسىلىي ماتېرىيال يوق بولسىمۇ، لېكىن، قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن شىنجاڭدا ياشىغان ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر.

«قۇمۇلدىكى بەش قەلئە خارابىسىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1200 - يىللارغا تەۋە سەككىز خىل رەڭدار يىپتا توقۇلغان توقۇلمىلار، رەڭدار يۇڭ چەكمەن ۋە تاغ نۇسخىلىق يۇڭ چەكمەن تېپىلغان». «شەھەر نامە» دە «چەكمەن غەربىي غۇز (ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ) لارنىڭ يۇڭ رەختىدىن» دەپ ئىزاھلانغان.

لوپ ناھىيىسى سامپۇل يېزىسىنىڭ سايباغ دېگەن يېرىدىن بۇنىڭدىن 2000 - 4000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە تەۋە، گۈل كەشتىلەنگەن، ئويما ياقىلىق، كەڭ ئېتەكلىك ئۇزۇن كۆڭلەك، بەلپۈرمە گارمون ئېتەك ئۇزۇن كۆڭلەك، پۈرلەڭگىكى ئۇزۇن كۆڭلەك، تار پۇچقاق ۋە كەڭ پۇچقاقلىق ئىشتانلار تېپىلغان». «قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق ئۇدۇق ئاغزى (قىزىل جىلغا) دېگەن جايدىن قاراخانىلار دەۋرىگە تەۋە، ياقىسىغا زەر يىپتىن تاغ گۈللىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چارۋىچىلىق ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاق كىگىز ئۆي كەشتىلەنگەن تۆمۈر زەنجىرلىك ھەربىيچە چاپان تېپىلغان»، بۇلار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كىيىم - كېچەك ۋە كىيىم - كېچەكنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى بولغان يۇڭ، پاختا توقۇلما، بوياقچىلىق ۋە كەشتىچىلىكنىڭ خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادى 850 - 1250) دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى مۇنداق ئىدى:

پادىشاھ بايرام كۈنلىرى ئۈنچە - مەرۋايىت بىلەن زىننەتلەنگەن سۇپىدا ياكى پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇراتتى. بېشىغا تاج تاقاپ، ئۈچىسىغا قىزىل تون كىيەتتى.

تۇرپان بېزەكلىك مىڭ ئۆيىدىكى 34 - نومۇرلۇق غارنىڭ شەرقىي تېمىدىكى ئەڭ ياخشى ساقلىنىپ قالغان رەسىم ساخاۋەتچى ئۇيغۇر قوچو خانىنىڭ رەسىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا خان ئويما ياقىلىق، يۇملاق گۈل چېكىلگەن ئۇزۇن تون كىيگەن، بېلىگە ئوۋ قوراللىرى ئاسقان، بېشىغا خانلىق تاجى كىيگەن.

بېزەكلىكتىكى 20 - نومۇرلۇق غاردىكى رەسىمدە ساخاۋەتچى ئۇيغۇر قوچو خانى ئۈچىسىغا يېڭى كەڭ، ئويما ياقىلىق تون كىيگەن، بېلىگە بەلباغ باغلىغان، پۇتىغا ئۆتۈك، بېشىغا ئىلوپەر يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان، كەينى ئېگىز، ئالدى پەس، ئۈچى ئۈچلۇق ئالتۇن تاج كىيگەن.

ئەرنىڭ كىيىمى:

تۇرپاندىن تېپىلغان تام رەسىملىرىگە قارىغاندا، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئادەتتە بۆرەك ياقىلىق، تىزىنىڭ تۆۋىنىنىڭ يان تەرىپىدە چېكى بار، يېڭىنىڭ ئېغىزى تارراق، ئۇزۇنلۇقى ئوشۇقىچە كېلىدىغان كەڭ ھەم يوغان بەلباغلىق كىيىملەرنى كىيگەن. بۇ كىيىملەر بىر خىل رەڭلىك تاۋار - دۇردۇنلاردىن تىكىلگەن. ئەرلەر بەلبېغىغا قىزىل مىستىن ياسالغان نەپىس زىننەت بۇيۇملىرى تاقىغان. بەلباغنىڭ كىچىك تاسمىسىغا كىچىك قولياغلىق، پىچاق، تۆشۈك تېشىدىغان ئەسۋاب ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر، بەلباغنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئوقدان ئاسقان، پۇتىغا كالتە قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن. ئەرلەرنىڭ يەنە بىر خىل كىيىمى ناھايىتى تار بولۇپ، سىدام ياكى ئازراق گۈللۈك رەختتىن تىكىلگەن. سىرتقى كىيىمنىڭ ياقىسىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ

يىرىم يان پەشنىڭ چۆرىسىگە گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان.

ئايالنىڭ كىيىمى:

تۇرپان بېزەكلىك مىڭ ئۆيىدىكى تام رەسىملەردىن ئاياللارنىڭ كىيىمنىڭ مۇنداق ئىكەنلىكى:

ئۇيغۇر ئاياللىرى قىزىل ئىچ كىيىمنىڭ ئۈستىگە يەڭسىز، ئالدى ئوچۇق، پېشىنىڭ چۆرىسىگە ۋە ئېتەكلىرىگە گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان چاپان يېپىنچاقلىۋالاتتى. تام رەسىملەردىن يەنە ئاياللارنىڭ سىرتىغا ئۇزۇن چاپان كىيگەن، قىسقا يەڭلىك سىرتقى كىيىمنىڭ ئىچىگە باشقا رەڭلىك ئۇزۇن يەڭلىك ئىچ كىيىم كىيىدىغانلىقى مەلۇم.

ئۇيغۇر راھىبلارنىڭ كىيىنىشى:

بېزەكلىكتىكى تام رەسىملەردىن ۋە يازما خاتىرىلەردىن مەلۇمكى، ئۇيغۇر راھىبلار ئادەتتە بىر ياكى ئىككى قۇر ئىچ كىيىم، ئۇستىگە سۇپەتلىك رەختتىن ئەستەرلەنگەن كەڭ سىرتقى كىيىم كىيىدىكەن؛ بۇ ئۈچ قۇر كىيىمنىڭ رەڭگى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىكەن. سىرتقى كىيىمنىڭ رەڭگى ئادەتتە توق بولۇپ، توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا قارا زىغزىق تۇتۇلغان ئىكەن.

مىسالى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەر - ئاياللار راھىبلار كەڭ ئاق كىيىم كىيگەن، مەيدىسىگە قىزىل چاسا قالقان تاقىغان. ئايال راھىبلار بېشىغا ئاق كەندىر تانا ئۆتكۈزۈلگەن بۆك كىيگەن.

ئىدىقۇت دەۋرىدىكى سەنئەتچىلەرنىڭ كىيىنىشى: مۇزىكانت ۋە ئۇسسۇلچىلارنىڭ كىيىنىشى ھەر خىل بولۇپ، ئەرلەر بېشىغا قالپاق ياكى چەمبەر دوپپا كىيگەن، بېلىگە گۈل چېكىلگەن يىپەك پوتا، بەلباغ ۋە نەقىشلەنگەن كەمەر باغلىغان، ئايىغىغا قىزىل قازا بۇلغارى ئۆتۈك ياكى گۈللۈك باشماق كىيگەن. ئاياللار بېشىغا شايى ياكى داكا رومال سالغان.

---

(بېشى 54 - بەتتە)

مۇمكىنمۇ؟ ھەرپ بېسىش ماشىنىسى پەيدا بولۇش بىلەن داستان، قوشاق ... ئاغزاكى پوئېزىيە ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرت - شارائىتنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشى مۇقەررەر بولۇپ قالامدۇ؟ ... بەس، شۇنداق ئىكەن، ھەممىدىنمۇ گۈزەل بولۇپ راۋاجلانغان كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ باللىق دەۋرى يەنە قايتا تەكرارلانمايدىغان باسقۇچ سۈپىتىدە نېمىشقا بىز ئۈچۈن ئەبەدى - گۈزەللىك بېغىشلاپ تۇرماسلىقى كېرەك؟ (1)

دېمەك، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچى ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ يېڭى باسقۇچ ۋۇجۇدقا كەلگەندە، كونا باسقۇچتا ۋۇجۇدقا كەلگەن مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ نادىر بايلىقلىرى ئۆتمۈش بىلەن بىللە يوقىلىپ كەتمەيدۇ. بەلكى كېيىنكى، يېڭى باسقۇچنىمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى ساقلاپ، بىللە ياشايدۇ، ھەمدە ئۆز قىممىتى بىلەن يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ھەر قانداق دەۋر بىلەن بىللە ياشاپ كېتەلەيدىغان، ئورنەك بولالايدىغان ئەنە شۇنداق نادىر مىراستۇر. ئۇنىڭدا دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش ۋەقەلىكى، روھى ئالەم ۋە ماددىي ھايات كەلگۈسى جەمئىيەت ھەققىدە ناھايىتى كۆپ پايدىلىق خۇلاسىلەر ئورۇن ئالغان. يەنە بۇ ئەسەردە ئوتتۇرا ئەسىر ئىجتىمائىي فورماتسىيىسى، ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەققىيات ساھەسىدە كەڭ ۋە ئەتراپلىق ئىسلاھات ئىدىيىسى جەملەنگەن. بۇ جەھەتتىن «قۇتادغۇبىلىك» نى كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ قامۇسى، ئوتتۇرا ئەسىر ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئىسلاھات دەستۇرى، دېسەك، ھەرگىز ئارتۇق بولمايدۇ.

---

(1) قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىنىڭ قەھرىمانى.

# مۇنەۋۋەر ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئىختىساسلىقلارنىڭ نىگىزلىك خۇسۇسىيىتى

ۋاڭ تۆكشۈن

مۇنەۋۋەر ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ھازىر ئىلىمىزدە تازا كەمچىل. شۇڭا، جۇڭگو ئىختىساسلىقلار تەتقىقات جەمئىيىتى، مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھات تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن تيەنجىن شەھەرلىك ئىختىساسلىقلار جەمئىيىتى بىرلىكتە 1984 - يىلى 5 - ئايدا تيەنجىن شەھىرىدە مەملىكەتلىك ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. يىغىندا پۈتۈن مەملىكەتكە نامى چىققان بىر قانچە مۇنەۋۋەر زاۋۇت باشلىقى، دىرىكتورلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە يىغىنغا ماقالە سۇنغان نەچچە ئون ئاپتور بىلەن مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئىختىساسلىقلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلىرى يەكۈنلەپ چىقىلدى:

1. ئۆزىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا پىداكار بولىدىغان ئاڭ بولىدۇ.
2. ئىسلاھاتقا باتۇرلۇق قىلىدىغان شىجائەت بولىدۇ.
3. زامانىۋى باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ.
4. كەسپىي بىلەن باشقا تەرەپلەرنى بىرلەشتۈرگەن بىلىم تۈزۈلمىسى بولىدۇ.
5. قانۇن بىلەن باشقۇرۇش ئىدىيىسى بولىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تىجارەت ئىلمىي تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پىروفېسسور ئىدۋارت رويىف «ھاۋارە سودا ئوبزورى» دا ئىلان قىلغان ماقالىسىدە بىر ياخشى دىرىكتوردا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسەتكەن:

1. ئالدى بىلەن كۆپ كۆرگۈچى ۋە كۆپ بىلگۈچى بولىدۇ. قول ئاستىدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشنى ھەرگىز ئۈزۈپ قويمايدۇ، قوماندانلىق قىلىش سىستېمىسىدىن ھالقىپ چىقىپ ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى قوبۇل قىلالايدۇ. كۈچلۈك ئۇچۇرلارنى ئىگىلەپ، باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى خىزمەتلەرگە باھا بېرىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارالايدۇ.

2. ۋاقتى ۋە زېھنىنى تېجەپ، ئۆزى ئالاھىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ، ھەممىلا ئىشتا يولىيورۇق سوراش ۋە يولىيورۇق بېرىشنى يولغا قويماي ئەھۋاللارنى بىلىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئاز ساندىكى ئاساسلىق مەسىلىلەر، تەسىرى چوڭقۇر مەسىلىلەر، زور ستراتېگىيىلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىدۇ.

3. ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى باشقىلارغا زورلۇق بىلەن تاڭمايدۇ، ئۆزىنى چۈشىنىپ ماڭىدۇ. ئۆزىنى ھىمايە قىلغۇچىلار بىلەن قارشى تۇرغۇچىلار سېلىشتۇرمىسىدا كۆڭلىدە سان بولىدۇ.

4. ئۆز خىزمىتىنى ھەرگىز ئالدىن بەلگىلەپ قويغان نىشان ئىچىدىلا چەكلەپ قويمايدۇ، كۆڭلىدە نىشانى بولسىمۇ، ھەرگىز ئاشكارىلىمايدۇ، مۇھىت، شارائىتقا قاراپ ئىرىشىپ، شۇ نىشانغا يېتىدۇ. جانلىق بولىدۇ، ئەمما نىشانىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

ياپونىيىدە كارخانىلارنىڭ دىرىكتورلىرى، زاۋۇت باشلىقى بولىدىغان ئىختىساسلىقلار ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈك تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

1. تېنى ساغلام، زېھنى تولۇق، ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ بارىدىغان كەسپىي مەسئۇلىيەت ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرالايدىغان بولۇش.

2. تەپەككۇرغا باي، ئىجاد قىلىش روھىغا ئىگە، رىقابەتتە سەپتىن چۈشۈپ قالمايدىغان بولۇش.

3. كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خاسلىقى ۋە قابىلىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك قوزغىتالايدىغان ساپاغا ئىگە بولۇش.

4. كارخانىنىڭ بارلىق ئەمەلىي كەسىپلىرىنى پىششىق بىلىدىغان ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇشقا ماھىر، قولىدىن كۆپ تەرەپلىمە ئىش كېلىدىغان بولۇش.

5. ناھايىتى كەڭ نەزەر دائىرە ۋە يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بولغان بولۇش، دۇنياۋى بازار ۋەزىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان، يۇقىرى ئۆتكۈر تېخنىكىلارنى يارىتالايدىغان بىلىمگە ئىگە بولۇپ، دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭالايدىغان بولۇش.

ياپونىيىدىكى كارخانا ساھەسىدىكىلەر يەنە كارخانا باشقۇرغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئون خىل پەزىلەت بىلەن ئون خىل قابىلىيەتنى خۇلاسىلەپ چىققان.

ئون خىل پەزىلەت مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ۋەزىپە تۇيغۇسى، جاۋابكارلىق تۇيغۇسى، ئىشەنچە، ئاكتىپلىق، سەممىيەت، ئىنتىلىش، چىدام، ھەققانىيلىق، قىزغىنلىق، باتۇرلۇق.

ئون خىل قابىلىيەت مۇنۇلاردىن ئىبارەت: تەپەككۇر ۋە قارارلىنىش، پىلانلاش قابىلىيىتى، ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى، ئىجاد قىلىش قابىلىيىتى، كۆزىتىش قابىلىيىتى، نەسىھەت قىلىش قابىلىيىتى، كىشىلەرنى چۈشىنىش قابىلىيىتى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قابىلىيىتى، قول ئاستىدىكىلەرنى يېتىشتۈرۈش قابىلىيىتى، ئاكتىپچانلىقنى قوزغاش قابىلىيىتى.

ئامېرىكا باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى 4000 نەپەر مۇنەۋۋەر باشقۇرغۇچى ئىچىدىن 1800 نەپەرنى تاللىۋېلىپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇنەۋۋەر باشقۇرغۇچىلار مۇنداق بەش خىل قابىلىيەتنى ھازىرلىغان بولۇشى لازىملىقىنى يەكۈنلەپ چىققان:

1. كارخانىچىلىق خۇسۇسىيىتى جەھەتتە: (1) خىزمەت ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى بولۇش؛ (2) پائالىيەتچانلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، ھازىرقى ھالەت بىلەن قانائەتلەنمەي ياخشىلاشنىڭلا كويىدا يۈرۈش.

2. ئەقىل ـ پاراسەت خۇسۇسىيىتى جەھەتتە: (1) مەنتىقىلىق تەپەككۇر قابىلىيىتى بولۇش، مەسىلەن، شەيئىلەرنىڭ سەۋەبىيات ۋە سەلۋات باغلىنىشىنى تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولۇش؛ (2) ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيىتى بولۇش؛ (3) ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى بولۇش — ئۇقۇم ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرالايدىغان، قانۇنىيەتلەرنى ئىلمىي ئاساستا بىلەلەيدىغان بولۇش.

3. كىشىلىك مۇناسىۋەت خۇسۇسىيىتى جەھەتتە: (1) ئۆزىگە ئىشىنىش؛ (2) باشقىلارنىڭ يۈكسىلىشىگە ياردەم بېرەلەيدىغان بولۇش؛ (3) ئۆزىنىڭ ئىش ھەرىكىتى بىلەن باشقىلارغا تەسىر بېرىش؛ (4) ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلەتمەي ئاقىلانە ئىشلىتىش؛ (5) باشقىلارنىڭ قابىلىيىتىنى قوزغاش؛ (6) سۆھبەتتىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش؛ (7) باشقىلارغا قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈش؛ (8) كىشىلەرنى ئاكتىپ ۋە ئۈمىدۋار قىلالايدىغان بولۇش؛ (9) كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش.

4. پسىخىك خاسلىق يېتىلىشى جەھەتتە: (1) ئۆزىنى ئۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى بولۇش؛ (2) ئۆزلۈكىدىن قارار چىقىرالايدىغان بولۇش؛ (3) ئوبيېكتىپ پوزىتسىيە بولۇش، يەنى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلىيالايدىغان بولۇش؛ (4) ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش، يەنى ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى توغرا چۈشىنىپ، باشقىلارغا تايىنىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى يېتىشسىزلىكلەرنى تولدۇرالايدىغان بولۇش؛ (5) تىرىشچان، ئىقتىسادچان بولۇش، يەنى جاپالىق مۇھىتقا تەپچىللىك بىلەن ماسلىشالايدىغان بولۇش.

5. بىلىم جەھەتتە: بۇلارنىڭ بىلىمى — تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش كەسپىي جەھەتتىكى بىلىملەرنى كۆرسىتىدۇ. قانچىكى يۇقىرى قاتلامدا باشقۇرغۇچى بولغانلارنىڭ باشقۇرۇش بىلىملىرى شۇنچە كۆپ بولۇشقا توغرا كېلىدۇ، قانچىكى تۆۋەن قاتلامدا باشقۇرغۇچى بولغانلارنىڭ تېخنىكىلىق بىلىملىرى شۇنچە كۆپ بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئامېرىكا كارخانا ساھەسىدىكىلەر يەنە باشقۇرغۇچى ئىختىساسلىقلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك توققۇز شەرتنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1. ھەمكارلىشىش روھىي جەھەتتە: كىشىلەرنىڭ ھەمكارلىشىشىغا ئېرىشەلەيدىغان بولۇش، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە خىزمەت ئىشلەش ئارزۇسى بولۇش، باشقىلارنى بېسىم بىلەن ئەمەس، بەلكى تەسىر بىلەن ۋە سۆز بىلەن قايىل قىلالايدىغان بولۇش.

2. قارار چىقىرىش ئىقتىدارى جەھەتتە: تەسەۋۋۇرغا ئاساسلانماي پاكىتقا ئاساسلىنىپ قارار چىقىرالايدىغان، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇش.

3. تەشكىللەش قابىلىيىتى جەھەتتە: قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچلىرىنى تەشكىللەشكە ماھىر بولۇش.

4. ھوقۇق بېرىش ماھىرلىقى جەھەتتە: چوڭ ھوقۇقنى ئۆزى ئىگىلەپ، كىچىك ھوقۇقنى بۆلۈپ بېرەلەيدىغان، چوڭ ئىشلارنى چىڭ تۇتۇپ، كىچىك ئىشلارنى قول ئاستىدىكىلەرگە بۆلۈپ بېرەلەيدىغان بولۇش.

5. ئۆيغۇنچانلىق ماھىرلىقى جەھەتتە: كۆز ئالدىدىكى ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، پائالىيەتچانلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، كونا، تاشلاندۇق خارابىشاتلارغا ئېسىلىۋالمايدىغان، كونا ئەندىزە ۋە قائىدىلەرگە ئېسىلىۋالمايدىغان بولۇش.

6. جاۋابكارلىق جەھەتتە: يۇقىرىدىكىلەر، تۆۋەندىكىلەر، مەسئۇلات، خېرىدارلىرى، شۇنداقلا پۈتكۈل جەمئىيەت ئالدىدا يۈكسەك جاۋابكارلىق تۇيغۇسى بولۇش.

7. يېڭىلىق قوغلىشىش جەھەتتە: كارخانا تەرەققىياتىدا ئۇچرايدىغان روناق تاپالماسلىق مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كارخانىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىدىغان ئۇلۇغۋار ئىرادە ۋە ئىشەنچكە ئىگە بولغان بولۇش.

8. باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىش جەھەتتە: باشقا ئادەملەرنىڭ پىكرىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ۋە قوبۇل قىلالايدىغان بولۇش.

9. پەزىلەت جەھەتتە. باشقىلاردىن ھالقىغان پەزىلەتكە ئىگە بولۇش ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتىگە جەمئىيەتتىكى ۋە كارخانا خىزمەتچىلىرى قايىللىق بىلدۈرۈش كېرەك.

يەنە بەزىلەر چەت ئەللەردىكى دىرېكتور بولىدىغانلارنىڭ شەرتىنى تۆۋەندىكى 12 نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان:

1. ئىرىشىپ خىزمەت ئىشلەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن بولۇشى شەرت.

2. ئىنتايىن مۇرەككەپ مەسىلىلەر ئىچىدىن ئۇنىڭ مۇھىملىرى بىلەن ئەمەلىيلىرىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇشى، شۇنداقلا مەسىلىلەر ئۆزگىرىشىگە ماسلىشالايدىغان بولۇشى شەرت.

3. نۇرغۇن خىزمەتلەرنى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن بىر تەرەپ قىلالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۆزىگە كۆز قاراش تۇرغۇزغان بولۇشى شەرت.

4. ئەڭ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدىغان قوماندانلىق ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولۇشى شەرت.

5. ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئەتتىن كېچەلەيدىغان بولۇشى شەرت.

6. ئۆزىنىڭ ئىستەك، ئارزۇلىرىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان بولۇشى، بولۇپمۇ تىل - يېزىق ئارقىلىق تولۇق ئىپادىلىيەلەيدىغان بولۇشى شەرت.

7. ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان بولۇشى، باشقىلارنىڭ دېگىنى بويىچىلا ئىش كۆرمەي، بەلكى مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى توغرا پەرەز قىلالايدىغان بولۇشى شەرت.

8. كەسپكە قارىتا جەسۇر، شىجائەت ۋە ئۇزاققىچە بەل قويۇۋەتمەيدىغان روھىي تۇرغۇزغان بولۇشى شەرت.

9. مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا، نوقۇل ھالدا مەسىلە ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن ھەل قىلىشنى كۈتۈپ

(ئاخىرى 79- بەتتە)

# رىقابەتلىك خەلقئارا مۇھىت ۋە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھەققىدە

غوپۇرجان مۇھەممەدى

ھازىر، خەلقئارا ۋەزىيەت 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى كېيىنكى ئەڭ جىددىي ئۆزگىرىش، داۋالغۇش دەۋرىگە كىردى، خەلقئارادا سوتسىيالىزم ھەرىكىتى زور ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى، بۇنىڭ بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى كۈرەش تېخىمۇ جىددىيلەشتى، بۇ كۈرەش ۋەزىيىتى بىزدىن زور بىر تۈركۈم كوممۇنىزمچى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيلەپ، كاپىتالىزمنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى پولات ئىستىھكام ھاسىل قىلىشنى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىپ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق بىت - چىت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنداق ئىكەن، بىز كۆز ئالدىمىزدا ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيلەشتە قايسى تەرەپلەرنى نۇقتا قىلىشىمىز كېرەك؟

كېلەچەكشۇناسلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئېلىمىزنىڭ رىئال ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كەلگۈسى نەچچە ئون يىلدا ئىختىساسلىقلارنى تەربىيلەشتە مۇنداق ئۈچ مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

بىرىنچى مۇھىم نۇقتا، كېلەچەككە يارايدىغان، يەنى كېلەر ئەسىرگە ئاتلاپ خىزمەت قىلالايدىغان رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيلەشتىن ئىبارەت مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. بۇنداق ئېيتىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، بىز جۇڭگولۇقلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يولباشچىلىقىدىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ 100 يىللىق گۈللىنىش ھەرىكىتى ئۈستىدە تۇرۇۋاتىمىز. بۇ كېلەر ئەسىرگە ئاتلايدىغان تارىخىي جەريان، بۇ جەرياندا بىز جۇڭگولۇقلار بولۇپمۇ ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار جۇڭخۇانى گۈللەندۈرىدىغان مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئېلىپلا قالماستىن، دۇنيا تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ مۇسابىقىسىغىمۇ ئەمەلىي قاتنىشىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئاجايىپ يېڭى سىناقلىرىنى بېشىمىزدىن كەچۈرىمىز. بۇ ئەۋلادنىڭ، بولۇپمۇ ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ پارتىيە تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ سىناقتىن ئۆتۈش - ئۆتمەسلىكى ئۇلارنىڭ قانداقلىقىغا، ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىدار ساپاسىغا باغلىق بولىدۇ. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمى جۇڭگودىنمۇ چاپسان بولۇپ، بۇنداق تەرەققىياتمۇ ھەر قانداق دۆلەت، مىللەت ۋە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى، نام - شەرىپىنى ساقلاپ ئەركىن - ئازادە ياشاش ئىستىكىدە بولسا، ئىنسانلارنىڭ بارغانسېرى چاپسانلاپ كېتىۋاتقان قەدىمىنى ھەممە ئاشۇنداق چاپسان قەدەم تاشلاشقا يولباشچىلىق قىلىۋاتقان پاراسەت يۇلتۇزىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۆزىنى تەربىيلەشنى، دۇنيانىڭ ئومۇمىيلىقىنى ھېسابقا ئالمايدىغان تار مىللەتچىلىك ئېڭى ۋە يەككە، يەككە ھالەتتىكى شەخسلەرنىڭ مىكرولۇق ئېڭىنى ئۆتىيا بىلىپ، ھەتتا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بەختىنى كۆزلەيدىغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا جاندىل كىرىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ئورتاق بەختى· ئۈچۈن يېڭى مۇسابىقىدە قانداق ئاتلىنىشنى ئويلاپ كۆرمەي بىپەرۋالىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىز باشقا تەرەپلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، 21 - ئەسىردىكى ئالەم بوشلۇقىنىڭ سەھنىسى - ھاۋا بوشلۇقى پونكىتى ھەققىدىكى بىرلا مەسىلىنى نەزەرگە ئالىدىغان بولساق، تارىخنىڭ ۋاقىت سترېلكىسى 21 - ئەسىرنى كۆرسىتىشكە يېقىنلاپ قالغان بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ قىياپىتىدە ئاجايىپ زور ھەم چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇپ، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى مىسلىسىز سەۋىيىگە كۆتۈردى. بۇنداق سەۋىيە ھەممە مىللەتلەرگە تەڭلا مۇسابىقە ئېلان قىلىپ، بىزنى يېڭىلىققا يۈزلىنىشكە، يېڭىلىققا توغرا يۈزلىنىشكە قىستىدى. بىز بۇ يەردە قەيت قىلىۋاتقان ھاۋا بوشلۇقى پونكىتى ئالەم بوشلۇقىدىكى ئالەم ئايروپىلانى تەرىپىدىن ماددىي ماتېرىياللىرى تولۇقلىنىدىغان، ھاۋا بوشلۇقىدا ئىلمىي

كۆزىتىش ۋە ئىلمىي تەجرىبىنى ئۇزاق مۇددەت ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بارالايدىغان، ئادەم ئېلىپ يۈرگۈچى چوڭ تىپتىكى مۇئەسسەسىدۇر.

ئامېرىكا، ياپونىيە، غەربىي ياۋروپادىكى ئەللەر ۋە كانادا ئامېرىكىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «ئەركىنلىك پىلانى»نى تۈزۈپ، ھاۋا بوشلۇقىدا خەلقئارا پونكىت قۇرماقچى. بۇ پىلان بويىچە قۇرۇلىدىغان ھاۋا بوشلۇقى پونكىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 155 مېتر، ئېگىزلىكى 63.5 مېتر كېلىدۇ، ئۇنىڭ يەر يۈزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 460 كىلومېتر بولۇپ، بۇ پونكىت ئېغىش بۇلۇڭى 28.5 گرادۇس بولغان ئوربىتىنى بويلاپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭدا تەتقىقاتچى خادىملار تورلۇق ئەسۋابلاردىن پايدىلىنىپ كۆپ خىل تەجرىبىلەرنى ئۆتكۈزىدۇ، تەتقىقاتچى خادىملار ئولتۇرغان بۆلۈمدە ئۇلارنىڭ دەم ئېلىش، تاماق يېيىش، ئۇخلاش ئەھۋالىنى ۋە سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى ئورنىتىلغان.

ھاۋا بوشلۇقى پونكىتىنى قۇراشتۇرۇش ئالەم بوشلۇقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مىسلىسىز چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇش. 1995 - يىلى مەخسۇس ئالەم ئايروپىلانىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى بىلەن ئوربىتىدا ھاۋا بوشلۇقى پونكىتىنىڭ قۇياش ئېنېرگىيىلىك باتارىيە تاختىسى ۋە بىر قىسىم چېدىر لىملىرى ئورنىتىلىپ، ھاۋا بوشلۇقى پونكىتى ئادەتتىكى سۈنئىي ھەمراھدەك يەر يۈزى بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە ئوربىتىنى ساقلاش رولىغا ئىگە قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئالەم ئايروپىلانى بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە ئۇچرىشىش رولىغا ئىگە قىلىنىدۇ.

ھاۋا بوشلۇقى پونكىتىنىڭ خىزمىتى ئالەم ئايروپىلانىنىڭ ئۈنجى قېتىم قويۇپ بېرىشى بىلەن باشلىنىدۇ، بۇ ھاۋا بوشلۇقى پونكىتىنىڭ يەر شارى ئوربىتىسىدا 30 يىل ئۇچۇپ يۈرۈشى پىلانلاندى. بۇ پونكىت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، سەككىز تەتقىقاتچى خادىم 90 كۈن تۇرىدۇ، كېيىن تۇرۇش ۋاقتى پەيدىنپەي 180 كۈنگىچە ئۇزارتىلىدۇ، ئالەم ئايروپىلانى ھەر يىلى تەتقىقاتچى خادىملارنى ئالماشتۇرۇش، تەجرىبە ئەسۋابلىرى ۋە يېمەكلىكلەرنى تولۇقلاش، تەجرىبە نەتىجىلىرى ۋە كېرەكسىز نەرسىلەرنى يەر شارىغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، بەش - ئالتە قېتىم قويۇپ بېرىلىدۇ.

ھاۋا بوشلۇقى پونكىتى پۈتكەندىن كېيىن كەلگۈسىدە ئاي بازىسىنى قۇرۇش ۋە ئادەملەرنى مارسقا توشۇشقا تەييارلىق قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇشى جەھەتتىكى تېخنىكا تەدبىق قىلىنىپ راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. ھاۋا بوشلۇقى پونكىتى مارس قاتارلىق پلانېتلارغا بېرىشتىكى ئارىلىق بېكەت بولۇپ، ئۇنىڭدا چوڭ تىپتىكى ئالەم كېمىسىنى قۇراشتۇرۇشقا بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ھاۋا بوشلۇقى پونكىتى 21 - ئەسىردە باي مەزمۇنغا ئىگە ھاۋا بوشلۇقى ئىلمىي پائالىيەتلىرىنىڭ كاتتا سەھنىسى بولۇپ قالغۇسى.

قاراڭ، بىز ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ خوتەنگە بارغىچە كورلا، ئاقسۇ، قەشقەرلەردىكى ماشىنا بېكەتلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ يۈرسەك، خەقلەرنىڭ مارسقا چىقىشقا شوتا قويۇش ئەمەس، بەلكى ئۇ يەرگە ئادەم توشۇيدىغان ئالەم كېمىلىرىنى ياسايدىغان پونكىتلارنى ئويلاپ بولغىنىنى!

دېمەك، ئېچىۋېتىلگەن بىر دۇنيا ھەر كۈنى ئوخشاشمايدىغان خۇش ئاۋاز بىلەن سۈرەن سېلىپ، بىزگە كۆز تاشلاپ، قول ئىشارىسى قىلىپ، مىسلىسىز گۈزەل بىر كېلەچەكنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە يەنە جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ جىددىي ۋەزىپىلىرىنىمۇ بىللە يۈكلىدى. بۇ ۋەزىپىلەرنى پەقەت بىز تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى كۈرەشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى نىشانلاپ ئېلىپ بارغاندىلا، كوممۇنىزم ئىشلىرىغا سادىق زور بىر تۈركۈم ئىز باسارلارنى تەربىيىلىگەن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ماركسىزمغا سادىق كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۇتقازغاندىلا ئورۇندىيالايمىز. شۇڭا، كېلەر ئەسىرگە ئاتلايدىغان رەھبىرىي كادىرلارنى - ھازىر ۋە بۇندىن كېيىنكى 20 - 30 يىل ئىچىدە رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىدىغان كادىرلارنىڭ ساپاسى قانداق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىدار ساپاسى قانداق تەلەپلەرگە يېتىشى كېرەك؟ ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى

قانداق؟ قانداق قىلغاندا ئۇلارنى كېلەر ئەسىرگە يارامىلىق كوممۇنىزمچىلارغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ ئۇلارغا ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قانداق مۇھىت ۋە شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىش كېرەك، دېگەن مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، بۇندىن كېيىنكى كادىرلار سىياسىتى ۋە ئادەم تاللاش قارارلىرىنى چىقىرىشقا ئىلمىي پىلان تەقدىم قىلىش لازىم. شۇنداقتا ھەم دۇنيانىڭ بىز ئويلاپ يېتەلمەيدىغان دەرىجىدىكى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا يېتىشىپ ماڭالايدىغان، ھەم سىياسىي جەھەتتە مۇستەھكەم بولغان يېڭى بىر ئەۋلاد كوممۇنىزمچى كادىرلارنى تەربىيىلەشنى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، پەن - تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيىلەشنى تەتقىق قىلىش لازىم. پارتىيىمىز پەن - تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى دېگەندە، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدا ئاساسلىق رول ئوينىغۇچى ئىختىساسلىقلارنىمۇ نەزەردە تۇتقان بولۇپ، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، زامانىمىزغا باب پەن - تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش - يېتىشتۈرەلمەسلىك مەسىلىسى جۇڭگوخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرىگە ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالىغا تاقىلىدۇ. بىز بۇ گەپنى ھازىرقى كۈندىكى ئىلمىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى ھەر بىر ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشلەپچىقارغان بايلىقى 1 - 2 مىڭ يۈەن، سانائەت ئىشچىسىنىڭ 10 - 20 مىڭ يۈەن، ئالىي پەن - تېخنىكا خادىمىنىڭ 100 - 200 مىڭ يۈەن بولۇۋاتقان رېئال ئەمەلىيىتىگىلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگو ئىنقىلابىدا يېقىنقى يىللاردا يۈز بەرگەن ئەمەلىيەتلەر ئاساسىدا شۇنداق دەيمىز.

ئالايلۇق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭ باشچىلىقىدا جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى لايىھىلەشتىن بۇرۇن، بىزنىڭ قەلب جامىمىز ئۇزاقتىچە دۇنيانىڭ يېڭى پەن - تېخنىكا دۇردانىلىرىنى قوبۇل قىلالمايدىغان ھالەتتە تۇرۇپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن زامانىۋى ئۆزگىرىشلەرگە ئويغۇنلىشالمايدىغان ئىقتىسادىي قالاقلىق كېسەللىرىگە گىرىپتار بولدۇق. بىر مەزگىل تېخى ئاھۇ - پەرياد بىلەن ئۆلگەن تونۇگۈننىڭ ئارزۇسىنى قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ خاتىمىسىدىن باشلىنىدىغان كېلەچەك ئۈستىدە گەپ بولغاندا رېئال ھاياتىمىزدىن ھالقىپ ئۇتۇپ، ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئىشلار توغرىسىدا خام خىيال قىلىدىغان گاللاۋاڭلاردىن بولۇپ قالدۇق. ھاياتلىقنىڭ رېئال تۇرمۇش ئىچىدە، ھەر بىر كۈن، ھەتتا ھەر بىر مىنۇت ئىچىدە ئىككىلىكنى بىلەلمەي، بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ مەككار ئالدامچىلىرى بولغان«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»جۇڭگونىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى مەدەنىيىتىنى بەرباد قىلىدىغان مالىمانچىلىقنى «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېسە، ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەي ھەدېسە، ھۇدەپ باقىشنىڭ دېيىغا پىر ئوينىغاندەك خۇدىمىزنى بىلمەي قالغان ۋاقىتلىرىمىزمۇ بولدى. جۇڭگودا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش باشلانغاندىن كېيىنكى 80 - يىللاردا بولسا، دۇنيانىڭ بارلىق گۈزەل باغچىلىرىدىكى گۈللەرنى بىر - بىرلەپ پۇراپ كۆرمىسەكمۇ، دانا دېڭ شياۋپىڭ باشچىلىقىدا ئېچىۋېتىلگەن سوتسىيالىستىك سىياسەت نۇرى ئاستىدا ئۇلار بىلەن تۇرلۇكچە دىدارلاشتۇق. بۇنىڭ بىلەن مۇھتاجلىقتا غېرىبسىنغان كۆڭلىمىز دەۋرىمىزگە قاراپ كۈلدى. بىزنىڭمۇ ھەر بىر كۈنىمىز يېڭى ھايات بولدى. يېڭى ھايات لەززەتلىرى بىزنى بۈگۈننى قەدىرلەيدىغان قىلدى. مانا ئەندى بىزنىڭ چىرايىمىزدىمۇ خۇددى ئازادلىق تېڭى ئاتقان چاغدىكىدەك كۈلكە! ھەممىمىز مۇشۇ كۈلۈۋاتقان پەيزىمىز بىلەن كېلەچەكتىكى مەدەنىي ھايات قاينامىلىرىنىڭ بىشارەتلىرىنى كۈتۈۋېلىۋاتقىنىمىزدا، بىزگە دەرۋازىسىنى ئېچىۋاتقان يېڭى ئەسىردىكى كۈچلۈكلەرنىڭ ئورتاق بىر تىلدا غەيۇر سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولىمىز. مۇنداق بىر بەختنىڭ كۆزى يورۇشتا بىز پەقەت سوتسىيالىستىك سىياسەتتىن قالسىلا پەن - تېخنىكىغا تايانغۇق ئەمەسمۇ؟

راست ئەمەسمۇ؟ ھازىر بىز ئىنسانلارنىڭ سەييارىلارغا ئۇچىدىغان، ھەتتا ئىلغار مىللەتلەر ئالەم بوشلۇقى پونكىتى قۇرۇپ زامانىمىزنىڭ بەيگىسىدە ئالدىمىزغا كىرىۋېلىۋاتقان جىددىي رىقابەتلىك خەلقئارا مۇھىتتا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە پەن - تېخنىكا رىقابىتى ئىچىدە، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىختىساسلىقلار رىقابىتى ئىچىدە

ئۇرۇۋاتىمىزغۇ؟ بىز چوقۇم ئىشنى مۇشۇنداق رېئاللىقنى نەزەردە تۇتقاندا، بىز پەن - تېخنىكىدا بىر ئەۋلاد سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرسەكلا، خەلقئارا رىقابەتتە غەلىبە قازىنالايمىز، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشىدىن ئۈمىد تۇغۇلىدۇ. ۋەتەنىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ زامانغا لايىقلىشىشىغا يەنى پاراسەتلىك زامانىۋى ئادەم، رېئال ئىشلىرىمىزغا يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، تەشكىلىي خىزمەت ئىشلەۋاتقانلار مۇشۇنداق قابىلىيەتلىك ئىقتىدار قوغلىشىش دولقۇنىغا ئىز باسار تەربىيىلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە.

ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ ئادەتتىكى پۈقرالار ئارىسىدىن ئاتالغان ئىزدىگەنلىكىنى، لېنىننىڭ «قۇرۇق گەپنى قويۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا يارامىلىق ئىختىساسلىق ئادەملەرنى تەربىيىلەشنى كەسكىن جاكارلىغانلىقىنى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا جىددىي قارايدىغانلىقىنى بىلىمىزغۇ؟

بولۇپمۇ، ياشلار - ئۆسمۈرلەر دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ۋە ئۈمىدى، ھەرقايسى سەپلەرنىڭ يېڭى كۈچى ۋە زاپاس قوشۇنى، ئۇلارنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشىنىڭ قانداق بولۇشى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىنىڭ بولۇش - بولماسلىقىغا، مىللەتنىڭ گۈللىنىش - گۈللىنەلمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. بىيجىڭدا يۈز بەرگەن سىياسىي بوران - چاپقۇندىن ۋە ئاقىۋىتىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭدىن كېيىن، ئۇرغۇن پېشقەدەم يولداشلار شۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتىكى، كېيىنكى ئەۋلادلارغا غەمخورلۇق قىلىش، ئۇلارنى تەربىيىلەش سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە، بۇ ۋەزىپىنى ياشلار: «بۇنداق بولۇپ كەتتى، ئۇنداق بولۇپ كەتتى»، قىلىقلار. «بىزنى ئۇنداق قىلدى، بۇنداق قىلدى» دېگەن ئاپا - ئانىلار بىلەن ئەمەس، بەلكى پېشقەدەملەرنىڭ سەممىي ھەم ھەقىقىي يېتەكچىلىكى ھەم ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئىقتىدارىنىڭ چوقىقىسىغا - سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا لايىق تالانتقا قاراپ ئورتاق تىرىشىش ئارقىلىق ئادا قىلىش كېرەك. بۇ زامانىمىزنىڭ چاپسان قەدىمىگە يېتىشىپ ماڭىدىغان ھايات يۈكسەكلىكىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر.

مۇشۇ قاراش بويىچە قارىغاندا، زامان تەرەققىياتىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن، ئۆتۈپ كەتكەن تونۇلغان ئۈچۈن ئاھ ئۇرماي، تېخى دۇنياغا كەلمىگەن ئەتە ئۈچۈن پەرىشان بولماي، ئەتىنىڭكى بۈگۈن ئىچىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى جەزمەنلەشتۈرگەن چوڭ بىر ئىقتىدار بەيگىسى قىلىشىمىز كېرەك بولىدۇ. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ: «ياشانغانلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىشنى چىڭ تۇتۇلىشى، ياشانغانلارنىڭ رولى، بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش جەھەتتىكى رولى ناھايىتى ئوبدان جارى قىلدۇرۇلۇشى كېرەك» دېگىنى مۇشۇنداق بىر بەيگىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىدىن بولۇپ، بۇ زامان تەرەققىياتىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن چوڭ بىر ئۆگىنىش، ئۇيغۇنلىشىش ھەرىكىتىگە قىلىنىدىغان چاقىرىق! ئۆتمۈشتىكى ھەممە ھازىرقى كۈندىمۇ بىزنى ھېلىقى رېئاللىقتىن يىراقلاشقان رامكىلارغا باشلاۋاتقان ئېنىقتۇ نەرسىلەرنىڭ كەينىدىن ماڭماستىن، پەنگە قارشى دوگماتىسلىقلارغا قارشى تۇرۇپ، بىلىشىمىزنى كەلگۈسى بەختىمىزنى كۆزلەش بويىچە چەكسىزلىككە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاتا - ئانا، ئۇلۇغ بوۋا - بۇزرۇكۋارلىرىمىزنىڭ ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد: «بۇ كۆڭلەز بىز بىلەن كەتسۇن»، «بالام سەنمۇ مەندەك قىيىن كۈنلەرنى كۆرمە» دېگەندەك ۋەسىيەتلىرىنى رېئاللاشتۇرۇشقا قىلىنغان چاقىرىق! بۇ چاقىرىقنى ئالدى بىلەن پەن - تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيىلەش ئارقىلىق رېئاللاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرگۈچى ئىختىساسلىقلارنى، بولۇپمۇ يېزا ئىقتىسادىنى كۆتۈرىدىغان يېزا - بازار كارخانىچىلىرىنى تەربىيىلەشنى نۇقتا قىلىش كېرەك. چۈنكى مەملىكىتىمىز يېزا ئىگىلىكنى ئاساس قىلغان چوڭ دۆلەت بولۇپ، تەخمىنەن 1 مىليارد نوپۇس يېزىلاردا ياشايدۇ. ماۋجۇشى ھايات ۋاقتىدا يېزا ئىگىلىكنى، 800 مىليون دېھقاننى دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ باش ئورنىغا قويغان ئىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىسلاھاتنى يېزىلاردىن باشلاپ، ئالدى بىلەن دېھقانلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش، كىيىم - كېچەك ۋە خەجلەيدىغان پۇلغا ئىگە قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. جۇڭگونىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەمەلىيىتى، بولۇپمۇ

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغان 80 - يىللاردىن بۇيانقى ئەمەلىيىتى ماۋزېدۇڭ ۋە دېڭ شياۋپىڭلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلىشنىڭ دانالىقىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىدا بارلىققا كەلگەن مۇقىم راۋاجلىنىش ۋەزىيىتىمۇ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىغا ئاساس بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئالايلۇق، 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئېلىمىزدە يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت ئېلىمىزدە ئاجايىپ زور قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرگەن ئىدى. 3 ·- ئومۇمىي يىغىندىن باشلانغان يېزا ئىقتىسادىي ئىسلاھات قۇرۇلۇشى ئېلىپ كەلگەن ياخشى ۋەزىيەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە ئالدىنقى يىلى زور مول ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىن، بۇلتۇر ئاپەت يۈز بەرگەن يىلدىمۇ يەنە مول ھوسۇل ئېلىشقا ئاساس بولدى. ئاشلىق ھوسۇلى 435 مىليون توننىدىن ئېشىپ كەتتى، پاختا 5 مىليون 600 مىڭ توننىدىن ئاشتى، شېكەر ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىنغانلىقى دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە مۇقىم بولۇشىغا، سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ياخشى مادىي ئاساس يارىتىپ بەردى.

بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياندا يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش يەنىلا پۈتكۈل دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئاساس بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرىدىغان ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىش ئالدىنقى ئىككى خىل ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشنى تەتقىق قىلىشنىڭ تولۇقلىمىسىدۇر. بولۇپمۇ، جۇڭگودىن ئىبارەت دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىدىن سانائەت مەدەنىيىتىگە ئۆتىۋاتقان دۆلەتتە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى بەلگە قىلغان سانائەتلىشىش، دېھقانچىلىق خام ئەشيالىرى ۋە باشقا مەھسۇلاتلىرىنى خام سېتىپ نامرات ياشاشتىن پىششىقلاپ تاۋارلاشتۇرۇش ئارقىلىق باي بولۇشقا ئاتلىنىش ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ، بۇنداق زۆرۈرىيەتنى تونۇۋالغاندا ئالدى بىلەن ئىلىم - پەن بىلەن قوراللانغان زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. يەنە كېلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يادروسى ئىلمىيلاشتۇرۇش بولۇپ، ئۇ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگە قىلغاچقا، بۇنداق ئۆزگىرىش پەن - تېخنىكا ۋە ماارىپقا مۇھتاج بولىدۇ. بۇ ھالقىلارنىڭ ھەر قانداقىدا كېلەر ئەسىرنى كۆزلىگەن ئىختىساسلىق خادىملار باي - باياشات سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا قادىر ئىختىساسلىقلار بولمىسا بولمايدۇ.

تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ئۇچقاندەك راۋاجلاندۇرۇش يۈز مىليونلىغان دېھقاننى ئورتاق بېيىتىشنىڭ يولى بولۇپلا قالماستىن، ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت تېپىش ۋە دۆلەتنىڭ باج كىرىمىنى كۆپەيتىپ، دۆلەتنى ساناەتلەشتۈرۈش، يېزا - بازارلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقىنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىپ، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە، ئېلىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلار يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە قىلىپ چىڭ تۇتقاندا، بۇنداق ئۇلۇغ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىدىغان ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى تەربىيىلەشنى تەتقىق قىلىشنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك، ئەلۋەتتە.

# ئىقتىدارنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى ئورنى

يالقۇن

ئىقتىدار يېتىشتۈرۈش — زامانىمىزنىڭ ئۆزگىچىلىكى بويىچە ئويغۇنچان ئادەم بولۇش جەھەتتىن سۆزسىز مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، پۈتكۈل كىشىلىك ھاياتنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى يارىتىش جەھەتتىن قارىغاندىمۇ ھەل قىلغۇچ مەسىلىدۇر. بۇ، پۈتكۈل ئىجادىيەت پسىخولوگىيىسى، ئەقلشۇناسلىق، پېداگوگىكا پەنلىرىنىڭ ئورتاق قارىشى بولۇپ، بۇ پەنلەر ئادەمنىڭ ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش پائالىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى كىشىلىك ھايات بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرىدۇ. كىشىلىك ھايات مۇساپىسى ئادەمنىڭ ئىقتىدارلىق بولۇشىدا ۋاقىت ۋە بىئولوگىيىلىك ئەھمىيەتتىكى گەۋدە بولسا، كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتىنى يارىتىپ، ئۇنى بەختلىك، مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئىقتىدار ھاسىل قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. «ھەيكەلنى كۆرۈنۈشى، ئادەمنى بولسا قىلغان ئىشلىرى بىزەيدۇ» دېگەن ئەنە شۇدۇر.

ئەمەلىيەتتىمۇ ھەر قانداق ئادەم دۇنياغا تۆرەلگەندىن كېيىن ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈش، ھاياتلىق يولىنى قانداق تاللاش، كىشىلىك ھايات مەقسىتىنى قانداق تۇرغۇزۇش ۋە قانداق ئادەملەرنى ئۈلگە قىلىپ ئۆزىنى ئىقتىدارلىق قىلىش مەسىلىلىرىگە يولۇقىدۇ. بۇلار ھەر بىر ئادەمنىڭ كىشىلىك ھايات سۈپىتىنى ۋە قىممىتىنى يارىتىدۇ. ساغلام ئۆسۈپ ئىقتىدارلىق بولۇش جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئادەمگە قويغان تەلىپى بولۇپلا قالماستىن، ئادەمنىڭ جەمئىيەتنىڭ بۇ تەلىپىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىشى بولۇپ، ھەر قانداق ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال كىشىلىك ھاياتنىڭ نىشانىنى تاللايدۇ ۋە بۇنداق نىشاننى يېڭى تەلەپلەر بويىچە ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ ئۆستۈرۈپ ماڭىدۇ. كۆپ ساندىكى مۇشۇنداق تاللاشلار ئارقىسىدا ئادەملەر ھەر خىل قاتلاملارغا تەۋە ئىقتىدار ھاسىل قىلىدۇ، بەزىلەر بۇنداق تاللاشلارنى توغرا ھەم ۋاقتىدا قىلالماي چاكىنا، ياللانما، ناچار ئادەملەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بەزى ئادەملەر ئاجايىپ تالانتلىق ئادەملەرگە ئايلىنىپ كىشىلىك ھاياتنىڭ قەتنىنى چاقسا، بەزى ئادەملەرنىڭ بۇنداق ناچار ئادەملەرگە ئايلىنىپ كېتىشى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنسۇپلۇقى ۋە شۇ مەنسۇپلۇقلار دائىرىسىدە كىشىلىك ھاياتنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتىنى يارىتىدىغان ئىقتىدار ھاسىل قىلالىغانلىقىدىن بولسا، يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ كىشىلىك ھاياتنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتىنى يارىتىدىغان ئىقتىدار ھاسىل قىلالمىغانلىقىدىندۇر. شۇڭا ئېنگېلس: «ئادەم نېمە قىلغانلىقىنى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى، شۇ ئىشنى قانداق قىلغانلىقىنى بىلەنمۇ خاراكتېرلىنىدۇ. ...» دېسە (2) ئارىستو «ئون ھەسسە كۆپ ئىش قىلغانغا قارىغاندا، بىر ئىشنى ھەقدادىغا يەتكۈزگەن» كىشىلەر مەرتىۋىلىك بولىدۇ. دېگەن.

ئالايلۇق، كىشىلىك ھايات گەرچە ناھايىتى مۇرەككەپ جەريان سۈپىتىدە مەزمۇن جەھەتتىن مۇھەببەت باغلاش، نىكاھلىنىپ ئۆي ئۆتۈش، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەپ جەمئىيەتكە يارامىلىق قىلىپ ئۆستۈرۈش، ۋىجدان ۋە ئەخلاق مىزانلىرىنى ئىجرا قىلىش ئاساسىدا ھايات پەيزىنى سۈرۈپ ياشاش بابىدا نۇرغۇن تەرەپلەرگە ئۆتىشىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇنىڭ ئىقتىدار يېتىلدۈرۈپ بىرەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى پۈتكۈل ھايات پاراۋانلىقىنىڭ ئوقى ياكى ئىمارەتنىڭ تۈۋرۈكى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ.

چۈنكى، كىشىلىك ھايات ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش يولىدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى بولغانلىقتىن، ئۇ ئادەمنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئۇنىڭ رېئال دۇنيا بىلەن باغلىنىشىدىن

---

(1) پىپاگور
(2) ئېنگېلس (3) ئارىستو

ھاسىل بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئۆزلىرىنى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا رىۋاجلىنىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئادەمنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەبىئەتكە بېقىنىش ۋە ئۇنى پائالىيەتچانلىق بىلەن ئۆزگەرتىش، جەمئىيەت بىلەن بىۋاستە ئوخشاشلىقتا بولۇش ۋە ئۇنى پائالىيەتچانلىق بىلەن ئۆزگەرتىش، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر چاغدا ئۆزىنىمۇ ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق بولغان ئىكەن، تەبىئىي، ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى مەنسۇپلۇقنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى بولغان ئادەم، ئۈچ خىل مەنسۇپلۇقنىڭ تەكەممۇل قۇرۇلمىسى سۈپىتىدە ئۆمۈرۋايەت تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئۆزىنى بىلىش ھەم ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئالايلۇق، ئادەم يەر شارىدا پەيدا بولغاندىن كېيىن، جىمى مەۋجۇداتلارنىڭ شاھى سۈپىتىدە ماكرو ھەم مىكرو دۇنيانى تىزگىنلەش بويىچە تۈرلۈك تۈمەن مۆجىزاتلارنىڭ سەۋەبكارى بولسىمۇ، ئادەملەر تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىپ يەتمىگەن، ئىگىلەپ ئالالمىغان بوشلۇقلاردا تەبىئەت ۋە جەمئىيەت يەنىلا مۇقەررەرلىك ئالىمى بولغانلىقتىن، تەبىئەتتىكى بىر مۇنچە ھادىسىلەر كىشىلەر تەرىپىدىن قانۇنىيەت سۈپىتىدە ئىگىلەنمىگەندە، ياكى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىلىرىگە كۆرەڭلەپ، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلغان چاغلىرىدا قانۇنىيەت سۈپىتىدە كىشىلەرنى جازالاپ تۇردى. ناھايىتى مۇقەددەم چاغلاردا دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي دۆلەتلەر قۇرۇلغان مېسوپوتامىيە، يۇنان، كىچىك ئاسىيالاردا كىشىلەر تېرىلغۇ يەرلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، چەكسىز ئورمانلارنى كېسىپ تاشلىغان ئىدى، ئۇ يەرلەر ھازىرقى كۈندە گىياھ ئۈنمەس چۆللەرگە ئايلىنىپ كەتتى. تارىم بويلىرىدا كۆز يەتمەس يۇلغۇنلۇقلار ۋە توغراقلىقلار بولۇپ، ئۇلار تارىمدا يۈز بەرگەن زور تەبىئەت ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا كۆچۈپ كەتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەكتى ماكانلىرىغا سىمۋول ئىدى. ئەپسۇسكى، خېلى كەڭرى رايونلاردا بۇنداق تەبىئىي يۇلغۇن ۋە توغراقلار ئۇزاقتىن بۇيان كىشىلەرنىڭ سوراقسىز كېسىپ تاشلايدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالدى، ئوت قويۇپ ۋە كېسىپ تاشلاپ بوزيەر ئاچقانلىرىنى ھېسابقا ئالماي، ھازىرقى كۈندە قەشقەرنىڭ مەكىت ۋە مارالبېشى ناھىيىلىرىنىڭ بازارلىرىدا، ئاقسۇنىڭ ھەتتا ۋىلايەت تۇرۇشلۇق ئاقسۇ شەھىرىگىچە بولغان تارىم بويى بازارلىرىدا ۋە خوتەننىڭ تارىمغا يېقىن بازارلىرىدا يۈزلەپ ھارۋىلاردا شۇ تەبىئىي ئورمانلاردا قاقشالغا ئايلانغان ئوتۇنلار سېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ قاقشاللار تارىخ بويى كۆكىرىپ تۇرغان تارىم ئورمانزارلىقلىرىنىڭ ئۇزاق - ئۇزاق يىللار كىشىلەرنىڭ كەلگۈسىگە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان كەسمىچىلىكى تۈپەيلى ھاسىل بولغان بولۇپ، ئۇلار ئۆسكەن مۇنبەت زېمىنمۇ ئۈنۈمسىز چۆللەرگە ئايلىنىپ كەتكەن. ھازىرقى كۈندە يۇنان، مېسوپوتامىيە، كىچىك ئاسىيالاردا ۋە بىزنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تارىم بويى يېزىلىرىدىكى قۇم تىزگىنلەش كۈرەشلىرى، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت قانۇنىغا خىلاپ ئىشلىرىنى تۈزىتىپ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش كۈرىشىدۇر. بۇ ھەرىكەتلەر كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى پائالىيەتچانلىق بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ تەبىئەت قانۇنىنىڭ تەقەززاسىدا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، ئادەم تەبىئەتتىن كېلىدۇ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزىنى ياراتقان تەبىئەتكە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئەكس تەسىر كۆرسىتىش ئاساسلىقى، تەبىئەتكە ھايۋانلارچە پاسسىپ ماسلاشماي، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كۈچ ئىكەنلىكىنى بىلىش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ۋە ئۆستۈرۈش، بارغانسېرى يۇقىرى سەۋىيە بىلەن تەبىئەتنى ئۆزگەرتىدىغان ئەمگەك قوراللىرىنى ياساپ، ئىجادىي ئىشلەش ئارقىلىق بولىدۇ. ھازىرقى كۈندە بىز ئوقۇۋاتقان تۈرلۈك تەبىئىي پەنلەر ۋە تېخنىك پەنلىرى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت بىلەن قىلغان كۈرەشلىرىنىڭ تەجرىبىسى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ مېڭە-ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، كىشىلەر بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشنى توختاتمايدۇ، توختىماي داۋام قىلىدىغان بۇنداق كۈرەش بىر تەرەپتىن، تارىختىن ھازىرغىچە ئىنسانلار ياسىغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە جۇغلانغان ئىنسانىيەت ئىقتىدارىغا تايانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يەنە تېخىمۇ

كۆپ پەنلەرنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا تايىنىدۇ. دېمەك، ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تەرەققىياتى دېگەن ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۈستۈرۈشى ئارقىسىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر مۇجەسسەمى بولۇپ، بۇنداق بۈيۈك جەرياننى ئانا تەبىئەتنىڭ ئادەتتىكى باللىرى ئەمەس، تەبىئەتتىن يارالغان بىلەن ئەقلىي بار، پائالىيەتچان ئادەم، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجادىي ۋە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدىغان ئادەم يارىتىدۇ. بۇنداق ماددىي مەدەنىيەت يارىتىش ئىقتىدارىغا بېقىندۇ ۋە ئۆز ئۆۋتىدە يەنە كىشىلەردىن ئىقتىدارىنى ئۈستۈرۈپ مېڭىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئالايلۇق، ئادەم جەمئىيەتنىڭ ئادىمى، جەمئىيەت ئادەمنىڭ جەمئىيىتى بولۇپ، ئىككى تەرەپتە ئوخشاشلىق بولىدۇ. بۇنداق ئوخشاشلىق كىشىلىك ھايات بىلەن جەمئىيەتنى بىرسى - بىرسىگە چىڭ باغلايدۇ. ئادەمنىڭ ئادەم بولۇپ تۇرۇشى ياكى بەلگىلىك ئىدىيە ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئادەم بولۇپ تۇرۇشى ئۇنىڭ شۇ جەمئىيەت ۋە دەۋردە ياشىغانلىقى ئۈچۈن بولۇپلا قالماستىن، يەنە ھاياتنى باشلاشتىن بۇرۇن يارالغان مەدەنىي شارائىتلارغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بولۇپ، بۇ تەھۋال ئىجتىمائىي شارائىتلارنىڭ ئادەمنىڭ تارىخىي پائالىيىتى ۋە بۇ پائالىيەتلەرنىڭ مەزمۇنى، ئۇسۇلىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئەمەلدە تۇغۇلغان تەبىئىي ئادەمنىڭ بەلگىلىك ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىگىلىگەن، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قاتنىشالايدىغان ۋە مەلۇم ئىجتىمائىي رول ئالالايدىغان ئادەمگە ئايلىنىشىدا بەلگىلىك ئىجتىمائىي مۇھىت رول ئوينايدۇ. ئادەمنىڭ پەن بىلىملىرى، بىلىش ئۇسۇلى، سىياسىي ئىدىيىسى، ئەخلاقىي قارىشى قاتارلىق ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسىنىڭ ئىگىزلىك جازىسىنى جەمئىيەت بېرىدۇ. ھەر قانداق ئادەم جەمئىيەتتىن ئايرىلىدىكەن ئىرىكچىلىك ۋە ئىجادىي ئىشلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالمايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئادەم جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى بولۇپ، ئادەم بولمىسىمۇ جەمئىيەت بولمايدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتى گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەر بويىچە ئۆرلەپ ماڭسىمۇ، لېكىن ئادەم ئۇ قانۇنىيەتلەرنى بايقاپ ئېلىپ ۋە ئۇلاردىن ئاڭلىق پايدىلىنىپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېخىمۇ تېزلىتەلەيدۇ. ئادەملەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى بۇنداق پائالىيەتلىرى ھەر زامان ئېتىبارىدىكى ئىقتىدار ياردىمىدە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىرلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش پائالىيىتى بەككە - يەككە ئېلىپ بېرىلماستىن، ئادەمنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ تەرەپنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ تەبىئەت بىلەن مۇناسىۋەتلىشىشى سوتسىيال شەكىلدە بولۇپ، بەلگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىسىدىلا ئادەم تەبىئەت بىلەن مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرەلەيدۇ. ئاندىن قالسا، ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئادەمنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن باشلىنىدۇ؛ ئادەم ھايۋانلار دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىش بىلەن بىرلا چاغدا جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، كىشىلەر تەبىئىي مۇھىتنى پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر چاغدا، ئۆزلىرى ياشايدىغان ۋە تەرەققىي قىلىدىغان ئىجتىمائىي مۇھىتنىمۇ ياراتقان. ماددىي ۋاستىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشى ئادەملەر بىلەن تەبىئەت مۇھىتىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا كىشىلەر بىلەن ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. مانا مۇشۇنداق ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن جەمئىيەت مۇناسىۋىتىنى بىر - بىرىگە گىرەلەشتۈرگەن. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئادەملەر تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر چاغدا ئۆزىنىمۇ ئۆزگەرتىپ ماڭغان، يەنى ھەر دەۋرنىڭ ئادەملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى شۇ دەۋرگە يارىشا ئۈستۈرۈپ، شۇ دەۋردە تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ خوجا ئاكىسى بولغان ھەمدە كەلگۈسى ئەۋلادقا تېخىمۇ يۇكسەك تەرەققىي قىلىدىغان ئوبيېكتىپ ۋە سوبيېكتىپ شارائىتلارنى ياراتقان. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەم تەبىئىيلىك بىلەن ئىجتىمائىيلىقنىڭ، پائالىيەتچانلىق بىلەن ئۈيغۇنچانلىقنىڭ، تەكەممۇللۇق بىلەن تەكەممۇلسىزلىقنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ھەرىكەتچان قۇرۇلمىدۇر. ئۇ يالغۇز

غايىلار بىلەنلا ئەمەس، ئىبخمۇ مۇھىمى ئەمەلىي ئىشلار بىلەن ياشايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىقتىدارلىق بولۇش ۋە ئۇنى ئىشقا سېلىش پائالىيىتى ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھايات مۇساپىسىدە خۇددى ھايات چاقىنى ئايلاندۇرۇپ تۇرىدىغان ئوقتەك مەركىزىي ھالقىدا تۇرىدۇ ـ دە، ھاياتنىڭ بارلىق كۈچ ـ قۇدرىتى ئۇنى دەۋر قىلغان ھالدا ئايلىنىدۇ، شۇ ئۇيەيلى كىشىلىك ھاياتنىڭ بېشىدا خۇشاللىق، راھەت، بەخت ياكى پەرىشانلىق، ھەسرەت ـ نادامەت، قايغۇ ـ ئەلەم چۆرگىلەيدۇ. ئادەمدە تۇغما بولغان ئىرسىيەتلىك ساپاغا تۇرەلگەندىن كېيىنكى يورۇق دۇنيادا سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق بىلەن قولغا كېلىدىغان بىلىم، ئەقلىي ئىقتىدار، غايە، قىزىقىش، ھېسسىيات ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلار، شۇنداقلا ئائىلە تەۋەلىرى، جەمئىيەتنىڭ قوللىشى، ئىلھام بېرىشى ۋە ئۈمىد ـ تەلەپلىرى قوشۇلۇپ، ئادەمنىڭ ئىقتىدارلىق بولۇش قاراتمىلىقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. قاراتمىلىق ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش، ئىقتىدارلىق بولۇش يولىدا ئالغا بېسىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇشۇنداق ئالغا بېسىش يولىدا ئادەمنىڭ بېرىپ يەتكەن قاتلىمى، جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، ھەرقايسى مەدەنىيەت تارىخىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاراپ باقساقمۇ، ئىنسانلارنىڭ گۈزەل، بەختلىك كىشىلىك ھاياتنى قوغلىشىش جەريانى ئۆز ئۆۋتىدە يەنە ئىقتىدار يېتىشتۈرۈشنى قوغلىشىش جەريانى بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىقتىدارلىق ئادەملەردىن بولۇپ يېتىلىشتىن ئىبارەت بۇ مەسىلە كىشىلىك ھايات پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم كاتېگورىيىلىرىگە باغلانغان ھالدا پەيلاسوپلارنىڭ قەلىمىگە ئېلىندى. كىشىلىك ھايات مەقسىتىنى رېئاللاشتۇرۇش، كىشىلىك ھايات قىممىتىنى يارىتىش، كىشىلىك ھايات غايىسىگە يېتىش، كىشىلىك ھايات ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ئادەمنىڭ ئىقتىدارىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقى كىتابنامىلارگە پۈتۈلدى. راست دېگەندەك، شۇنداقلا ئويلاپ كۆرسەك، بىر ئادەمنىڭ ئىقتىدارى بولمىسا، ئۇنىڭ بارلىق گۈزەل ئارزۇلىرىنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. دېمەك، ئىقتىدارلىق بولۇش كىشىلىك ھايات مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ۋاستە، كىشىنى غايىسىگە يەتكۈزىدىغان كۆۋرۈك، كىشىلىك ھايات قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان يول، كىشىلىك ھايات ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇڭا پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئىقتىدارلىق ئادەملەرنىڭ ئىنسانىيەت بايلىقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ۋە ھەل قىلغۇچ بايلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. مەدەنىيەت تارىخىنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانىغا بولغان بۇنداق تونۇشى بويىچە قارىغاندا، ئادەم مەدەنىيەتنى ئىجاد قىلغۇچى شۇنداقلا مەدەنىيەت ئىجاد قىلغان جەۋھەر بولۇپ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قانداق بىر ساھەسىنىڭ بايلىقىنى ئېچىش ئادەم بايلىقىنى ئېچىشقا قارىغاندا كەمتۇك، بىر تەرەپلىمە، ئۈنۈمسىز، ئانچە مۇھىم بولمىغان ئېچىشتۇر. ئادەم بايلىقىنى ئېچىشلا ئەترابلىق، چوڭقۇر، ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم بايلىق مەنبەسىنى ئېچىشتۇر. شۇ ۋەجىدىن ئادەمدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئېچىش ـ ئۇ، دۆلەتنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىز بولۇشى ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى ھالاك بولۇشىغا تاقىلىدۇ. ھازىرقى دۇنيادا زامانىۋىلاشتۇرۇش قىلىۋاتقان دۆلەت، مىللەت، رايونلار پەن ـ تېخنىكىنى ئاچقۇچ قىلىپ، ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساسلىق رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ دۇنياغا قاراشلىرى بويىچە كىشىلىك ھايات قىممىتىنى يارىتىش نىشانلىرىنى تۇرغۇزماقتا. بۇ ھالەت سوتسىيالىستىك زامانىۋى ئادەملەرنى بەرپا قىلىش نىشانىغا قاراپ كېتىۋاتقان جەمئىيىتىمىزدىن كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ياخشى بىر ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشنى تەلەپ قىلسا، بۇنداق نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىۋاتقان بىزلەردىن ئۆزىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پرولېتارىياتنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشقا باتۇرلۇق قىلىش، ئىنقىلابىي ئۈمىدۋار بولۇشتىن ئىبارەت كىشىلىك ھايات پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرۇشنى، بولۇپمۇ يېڭىلىق يارىتىشقا باتۇرلۇق قىلىش روھىي بويىچە، ئىقتىدار يېتىلدۈرۈپ، ئۆزىمىزنى يېتىلدۈرگەن جەمئىيەت ۋە خەلقىمىزگە تۆھپە قوشۇش بىلەن ھاياتىمىزنىڭ قىممىتىنى يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ھەر دەۋردىكى ئىنسانلار ھاياتىدا ھەقىقەتەن كۆپچىلىكتىن ھالقىپ كېتىدىغان بىر تۈركۈم ئادەملەر بولۇپ تۇردى. بۇنداق ئادەملەر باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئىشلىگەندەك تۇرغان بىلەن يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرىنى ئالغان ئەمگەكلىرى بىلەن پۇل ئېچىپ ماڭدى، ھەتتا بەزىلىرى تېخى ئەجدادلار ۋە ئۆزى بىلەن دەۋرداش كىشىلەر قىلالمىغان ئىشلارنى، ئويلاپمۇ باقمىغان ئىشلارنى گۈل كەلتۈرۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاشۇنداق چاققانلىقى بەرپا قىلغان بايلىقلاردىن بەھرىمەن بولغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئاۋۋىنى قىلىپ، ئۆزلىرىدە شۇنداق ئادەملەرنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلەندى ۋە بۇنداق ئادەملەرنىڭ سەرخىللىرىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆزلىرىنىڭ غورۇرى سۈپىتىدە ئەزىزلەپ ماڭدى، بۇنداق ماھىللىق، ئىقتىدارلىق ئادەملەرنىڭ نىگىزلىك تەرەققىيات ئامىلى ئىكەنلىكىدىن بولماي نېمە؟ بۇنداق ئىكەن، بىز بۇنداق نىگىزلىك ئامىلنى ئۆزىمىزدە ھازىرلاپ، زامانىمىزنىڭ سەرخىللىرىدىن بولۇشقا ئالدىرىماي تۇرالامدۇق؟

# ئىجادىيەت تەتقىقاتى

شې ۋېنجاڭ

## ئىجادىيەتنىڭ ئورنى ۋە رولى

ئىجادىيەت ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ تەجرىبە ھەم ئەمەلىيەت داۋامىدا ئەقلىي ئىقتىدار ھەم بىلىم تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا پايدىلىق يېڭى نەتىجە ھاسىل قىلىدىغان ئالىيجاناپ ھەرىكەت. ئىنسانلار تارىخىدا ئىختىرا، ئىجاد قىلىنغان نەتىجىلەر مەيلى بىلىم، ئىدىيە، نەزەرىيە، ئۇسۇل جەھەتتە بولسۇن ياكى ئەسەر، قورال، ئۈسكۈنە، ماتېرىيال جەھەتتە بولسۇن بىزدەك زامانىمىزنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلاندى، زامانىمىزدىكى ئادەملەرنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقى ۋە ياشاش، تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسىي بولدى ھەمدە بۇندىن كېيىنكى يېڭى ئىختىرا، ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە قوشۇلۇپ ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىختىرا، ئىجادىيەت تارىخى — ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدۇر. ئىختىرا، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش قابىلىيىتى ئاللىقاچان ئىنسانلارنى باشقا مەۋجۇداتلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئىنسانلار ئىختىرا، ئىجادىيەت قابىلىيىتىگە تايىنىپ تۇرۇپ ئاسمانغا ۋە يەر ئاستىغا يۈرۈش قىلىش بىلەن جاھاننىڭ خىلۋەت جايلىرىدىكى ئاجىز (يىراق، ئاۋاز ۋە باشقىلار ھەققىدە) نەرسىلەرنىمۇ تولۇق كۆزىتىپ، تەدرىجىي ھالدا تەبىئەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. مۇشۇنداق قابىلىيەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىنسانىيەتنىڭ ئىختىرا، ئىجادىيەتنىڭ ئۆزىگە بولغان چۈشەنچىسى تېخى بىر قەدەر يۈزەكى تۇرۇپ قالدى. تارىختىن بۇيان پاراسەتلىك زاتلار پۈتۈن ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ئىختىرا، ئىجادىيەتنىڭ مېخانىزمى، قانۇنىيىتى ۋە مەنبەسى ھەققىدە بارلىق كۈچى بىلەن ئىزدەنگەن بولسىمۇ، ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە ئىختىرا، ئىجادىيەت ئۈستىدە ئەگىپ يۈرگەن ئىزىتقۇ تۇمانلارنى تارقىتىۋېتەلمىدى. تۈرلۈك پەنلەر ئىنتايىن زور دەرىجىدە گۈللەشكەن، تەبىئىي پەنلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار - پادىشاھلىقىغا زەربىدارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن دەۋرىمىزدىلا ئىختىرا، ئىجادىيەت توغرىسىدىكى تەتقىقاتتا ئۈنۈملۈك ئىلگىرىلەش ۋە زور بۆسۈشلەر بولۇپ، ئىختىرا، ئىجادىيەت پائالىيىتىنى تالانتلىق شەخسلەرنىڭ بىر خىل ھۈنىرىدىن مەشىق ئارقىلىق پائالىيەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدىغان ماھارەت ساھەسىگە كىرگۈزدى. نۆۋەتتە، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ماھارەتتىن نەزەرىيىلىشىش، مەنتىقىلىشىش، تەرتىپلىشىش يۈزلىنىشىگە قاراپ قەدەم تاشلىماقتا. ئىختىرا، ئىجادىيەتنىڭ ئىلمىيلىشىشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، زامانىمىزدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ ئۇقتىلىق تېمىسىغا ئايلاندى. ئىختىرا، ئىجادىيەتنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا بولغان زور ئەھمىيىتىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئىختىرا ئىجادىيەت تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىدا گەپ يوق.

فرانسىس بەكون ناھايىتى چۈشەنچىلىك ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتالايدىغان بارلىق بايلىقلار ئىچىدە، ئىنسانىيەت ھاياتىنى ياخشىلايدىغان يېڭى تېخنىكا، يېڭى تۆھپە ۋە يېڭى ئىختىرالاردىنمۇ ئۇلۇغ ھېچقانداق بايلىق بولمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىنىڭچە، يىراق قەدىمكى زاماندىكى ياۋايى كىشىلەر ئارىسىدا ئىجادكارلارنى دانىشمەن ياكى ئەۋلىيا دەپ چوقۇنۇش كېلىپ چىققان.» ئەمەلىيەتتىمۇ دەل ئاشۇنداق. ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ئىختىرا، ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنىڭ تەدبىقلىنىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا چىققان. شۇنداق قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئىجاد قىلىش، كەشىپ قىلىش، ئىختىرا قىلىش، يارىتىش تارىخى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار تارىختىن بۇيان ئىختىرا، ئىجادىيەتكە چوقۇنغان.

ئىجادىيەت ئىنسانلار ئىجتىمائىي ئەمگىكىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يادروسى، ئىجادىي ئەمگەكلەر داۋامىدا ئىنسانلار تەبىئەتنى ئۆزگەرتكەن، ئۆزىنىمۇ ئۆزگەرتكەن، قول ۋە مېڭىسىنى تەرەققىي قىلدۇرغان، تىل ۋە جەمئىيەتنى ئىجاد قىلغان، مۇشۇ ئاساستا تەبىئەت بىلەن باغلىنىش جەھەتتە ئىنسانلار ئۆزلىرىنى ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن ئۈستۈرۈپ چىققان؛ ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشى قورال - سايمانلارنى ئىجاد قىلىش قاتارلىق سۈنئىي تەبىئەت ھاسىلاتلىرى ئارقىلىق بولغانلىقتىن، تەبىئەتكە ئىنسانىيەتنىڭ تامغىسى ئېسىلغان، بۇنىڭ بىلەن سۈنئىي تەبىئەت دۇنياسى — ئىككىنچى تەبىئەت يارىتىلغان. ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ياشاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەريانىدا، ئىنسانلار كەڭ كۆلەمدىكى پەن - تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتچىلىق ئۇسۇللىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىنى داۋاملىشىپ بارىدىغان ئىجادىي ئەمگەك ئارقىلىق، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەھەتتە ئۆسۈپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدا ئېتىقاد قىلغىلى ئىنسانىيەت تارىخىدا ۋە ھازىرقى رېئاللىقىمىزدا ئىجاد قىلىنىۋاتقان پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەدبىقلىنىشى بولۇپ، ئىجادىيەتكە بولغان بۇنداق ئېتىقاد ئىنسانىيەتنى ئىجادىيەتكە چوقۇندىغان قىلغان.

قەدىمكى ئادەملەر ئىجادىيەت، ئىختىرادىن پاراۋانلىققا ۋە ھوزۇر - ھالاۋەتكە ئىگە بولغان. ئەمما ئۆز ئۇۋۇتىدە يەنە ئىجادىيەت، ئىختىرالارنى سىرلىق بىلىپ، ئىجادىيەت، ئىختىرا نەتىجىلىرىنى، ئىجادىيەت جەريانى ۋە ئىجادىيەتچى، ئىختىراچىلارنى ئىلاھ ئەۋلىيالار بىلەن باغلىۋېلىپ، دىن، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىمۇ ئۇلارغا چوقۇنغان، ھەممە مىللەتلەردە ئىجادىيەت ئىلاھىنى ئاساسلىق ئىلاھ قاتارىغا كىرگۈزۈۋالغان. جۇڭگودا پەن گو، نۈي ۋا، فۇشى، ھىندىستاندا سىۋا، قەدىمكى يۇناندا پىرومىتوس، ئافىنا قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ئىلاھلاردۇر. غەربتىكى بىر مۇنچە مىللەتلەر تېخى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىجادىيەت ئىلاھىنى ياراتقۇچى ئىگە قاتارىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى خۇدا ئورنىغا قويۇۋالغان. بۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ئىجادىيەت، ئىختىرا نەتىجىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ۋە ئىلاھ پەيغەمبەرلەرنىڭ كارامىتى بولۇپ قالغان. مەسىلەن، ئافىنانىڭ توقۇمىچىلىقنى، مىتال تاۋلاشنى، ھارۋا، كېمىسازلىقنى ۋە بۇقۇسا، تىرنا قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساشنى كەشىپ قىلىشى، قوي - كالىلارنى كۆندۈرۈش قاتارلىقلار فۇشىنىڭ پال سىزىپ، رەقەم ساناشنى باشلىشى، مۇچەل - بۇرج ئىجاد قىلىشى، پەسىل ۋە كېچە - كۈندۈزنى ئايرىشى، مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى ياسىشى، نىكاھ تۈزۈمى ئورنىتىشى، تور - خالتىلارنى توقۇشى، مال - چارۋا بېقىشى، ياچاق ياساپ ئوۋ قىلغانلىقى قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان رىۋايەتلەردۇر. بولۇپمۇ فېئوداللىق دەۋرلەردە ھۆكۈمرانلار ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئاتا - بوۋا ئەۋلىيالىرىنى ياساپ چىققان. ئالايلۇق، جۇڭگودا خەنزۇلار ياساپ چىققان خۇاڭ دى ئەسلىدە ئىلاھ ئەمەس ئىدى، لېكىن چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن كېيىنكى خەلقلەر ئالدىنقى قەدىمقى زامانىدىكى ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە ئاپىرىن ئېيتىش ھېسابىغا ئىجتىمائىي كۈچلەر ۋە ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى خۇاڭ دىغا مەنسۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئىلاھلىق خاراكتېرىنى ئۈستۈرۈۋەتكەن، ئۇنىڭ جىن، ئەرۋاھلارنى ھايۋاناتلارنى نېرى - بېرى قىلغانلىقى، ئەتكاپقا كىرىپ دۇئا - تەكبىر قىلىش بىلەن ئەۋلىيالىق يولىنى ئۇتقانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردىن باشقا، خۇاڭ دى «كۆللى مەۋجۇداتلارغا ھاياتلىق بېغىشلىدى»، «ئەرتىپسىز ۋە سالپاساقلارنى رەسىم - قائىدىلىك قىلدى»، «كىگىز - پالاس ئەتتۇردى، تاج ۋە قاشتېشى تىزىقنى ئىجاد قىلدى»، «ئاش - تائامنى پىشۇرۇپ يېيىشنى ئىجاد قىلدى»، «قۇدۇق كولىدى»، «رەختنى ھەر خىل بوياپ كىيىم قىلدى»، «چاقماق، تاشتىن ئوت ئالدى»، «ياغاچنى ئويۇپ قېيىق ياسىدى، ياغاچنى شىلىپ پالاق ياسىدى»، «ئات - كالىنى مىنىشكە كۆندۈردى»، «ياغاچنى ياساپ ئوغۇر توقمىقى قىلدى، يەرنى كولاپ ئوغۇر قىلدى»، «ياغاچنى ئېگىپ يا قىلدى، ياغاچنى شىلىپ ئوق قىلدى» دەپ سۈرەتلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا، تېخى جەڭ ئۇسۇلىنىڭ، تېبابەتچىلىكنىڭ، كالىندارچىلىقنىڭ بىرى دەپ تەرىپلىگەن.

ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى ئىلاھ ئەۋلىيالارغا مەنسۇپ قىلىۋېتىدىغان مۇنداق ھادىسىلەر كېيىنكى فېئودال ھۆكۈمرانلار «ھۈنەر - سەنئەت»نى پەس كۆرگەن دەۋرلەردىمۇ داۋاملىق ئەۋج ئېلىپ تۇردى. سۇي سۇلالىسى زامانىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇستا لى چۈنجاۋ ئايمىقىدا كۆۋرۈك ياسىغاندا، خەلق ئارىسىدا ئۇنى كارامەت پەيدا قىلغۇچى پىر دەيدىغان رىۋايەت ۋە «جاۋ ئايمىقىدىكى كۆۋرۈكنى لۇبەننىڭ ياسىغانلىقى» ھەققىدە ناخشا تارقالدى. مۇنداق مىساللارنى 360 خىل كەسىپنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈلىدىغان پاناكار ئىلاھى، ئۇلۇغ پىرلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن كۆرگىلى بولىدۇ.

يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى پەن - تېخنىكىنىڭ چاپسان راۋاجلىنىشى كىشىلەرنى ماددىي تۇرمۇش جەھەتتە ناھايىتى زور ئۈتۈقلارغا ئىگە قىلدى، پەن - مەدەنىيەتتە تۆھپە قوشقان ئادەملەرنى جەمئىيەت ناھايىتى يۈكسەك باھالىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، پەن - مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىجادىيەتلەر بىلىمنى ئۈستۈردى، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ھەرقايسى ئەللەر بالغۇز پاتېنت تۈزۈمى قاتارلىق بىلىمنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈملىرى ئارقىلىق، ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى پەخرى مۇكاپات تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىجادىيەتچى، كەشپىياتچى، ئىختىراچىلارنىڭ نامىنى ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى ئۈستىگە يازدى. مەسىلەن، كوپېرنىكنىڭ قۇياش مەركەز تەلىماتى، خوك قانۇنى، پىرلانىك تۇراقلىق سانى، دېكارت كوئوردىناتى، ئۆيلېر فورمىسى، ھاللېي قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزى، نيۇتون دىنامىكىسى، دېگەنناملار ئەنە شۇنداق قويۇلغان؛ ھەتتا بەزى ئۇلۇغ ئىجادىيەتچى، ئىختىراچىلارنىڭ نامى بىلەن دەۋرگە نام بېرىلدى، مەسىلەن، دارۋىن دەۋرى، نيۇتون دەۋرى دېگەنناملار ئەنە شۇنداق قويۇلغان؛ ياكى پەن، ياكى نەتىجىگە نام بېرىلدى. مەسىلەن، گېئورگېس كۇۋىر پاتالوگىيە ئاتىسى، مۇكاگېنى پالېئونتولوگىيە ئاتىسى، فارادېي - ئېلېكتر ئىلمىنىڭ ئاتىسى، د. پىئول ماتېماتىكا فىزىكىسىنىڭ ئاتىسى، فىت — تەجرىبە پسىخولوگىيىسىنىڭ ئاتىسى، لاۋاسىر — ھازىرقى زامان خىمىيىسىنىڭ ئاتىسى دېگەن ناملار ئەنە شۇنداق بېرىلگەن. شۇنداقلا ئوپېنھام - ئاتوم بومبىسىنىڭ ئاتىسى، تېللا — ۋودرود بومبىسىنىڭ ئاتىسى، چىناۋ كوپمىكى - ئالەم قاتنىشىنىڭ ئاتىسى دېگەن ناملارمۇ ئاشۇ ئادەت بويىچە بېرىلگەن. ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە بولغان مۇنداق مۇكاپاتلاش ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالىم، ئىنژېنېر، ئەدىب — سەنئەتكار قاتارلىق ئىجادىيەت، ئىختىرا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارغا قىلغان ھۆرمىتى ئىجادىيەت، ئىختىرانىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى مۇھىم رولىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

دەرۋەقە، تارىختىن بۇيان تېخنىكىنى ھەتتا پەننى پەس كۆرىدىغان بەزى تەلىماتلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلدى، مەسىلەن، مىسىر يېڭى سۇلالىلەر دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1750 - 1100 - يىللار) دىكى بىر تۆرىگىنالدا: «ئىنژېنېرلارنىڭ خىزمىتى ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى قوپال ۋە پەس خىزمەتلەردۇر» دەپ يېزىلغان.

زامانىمىزنىڭ تېخنىكا ئۈمىدسىزچىلىرىمۇ پەن - تېخنىكىنى تىللايدۇ، مەسىلەن، بېرنادوس: «پەن ... ئەرۋاھلار ۋە ئۈمىدسىزلەرنىڭ سىمۋولى» دەيدۇ. لېكىن، بۇ رەقىبلەر ئىدىيىۋى، بەدىئىي جەھەتتىكى ئىجادىيەتلەرگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىمايدۇ. يەنى ئىجادىيەتكە ئادەتتىكىچە قارشى تۇرمايدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى تېخى توختاپ قالغىنى يوق، بەلكى بەدىئىياتنىڭ تەرەققىياتىدىن تېخىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن تېخىمۇ ئاجايىپ بولغان كېلەچەكنى ئاچماقتا. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، كىشىلەر پەن - تېخنىكىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تۈزۈلمىگە ئېلىپ كەلگەن دەخلىسىنى ئىختىرا، ئىجادىيەت ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلىغىلى بولىدىغانلىقىغا، ئىجادىيەت، ئىختىرانىڭ ئىنسانىيەت توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان كېلەچەكتە ۋە بايلىق كەمچىل بولغان مۇھىتتا ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى ھەم ماددىي مەدەنىيىتىنى داۋاملىق تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرىدىغان بىردىنبىر ئىشەنچلىك بۇلاق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، يېقىنقى زاماندىن ھازىرقى زامانغىچە بولغان ئارىلىقتا بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭى تېخنىكا ئاساسىدا بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابى يۈز بەردى. كۆز ئالدىمىزدا ئاللىقاچان بارلىققا كەلگەن مىكرو ئېلېكترون سانائىتى، ئىرسىيەت قۇرۇلۇشى، لازېر نۇر سانائىتى، نۇر ئۆتكۈزگۈچ تالا سانائىتى ۋە ھاۋا قاتناش سانائىتى، دېڭىز نەقلىيات سانائىتى قاتارلىقلارمۇ ئوخشاشلا ئىجادىيەت، ئىختىرا نەتىجىلىرىنىڭ سانائەتكە ئۆزلىشىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. ئۇلار ئالدىن بېشارەت بەرگەن يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ بارلىققا كېلىدىغان يېڭى سانائەت ئىنقىلابى ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە مىسلىسىز تەسىر پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مۇشۇ چاققىچە يۈز بەرگەن تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە سانائەت ئىنقىلابىغا قارىغاندا، ئىنسانىيەتنىڭ ئىجادىيەت، ئىختىرا پائالىيىتىگە تېخىمۇ يۆلىنىدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئازاد بولۇشى، يېڭى ئىجادىيەت، ئىختىرا نەتىجىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئاللىقاچان ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى ۋە ئىقتىسادىي جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسىي بولۇپ قالدى. بەزىلەرنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سانائەت ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈشى پەقەت 5% ـ 20 يېڭى تېخنىكا قوللىنىشقا تايانغان بولسا، ھازىر 60%تىن80 كە يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئىجادىيەت، ئىختىرا نەتىجىلىرىگە بولغان ئېھتىياجىمۇ كۈنسايىن جىددىيلەشكەن. مەسىلەن، بەزىلەرنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، ئىختىرا قىلىنىشتىن تەدبىقلىنىشقىچە كېتىدىغان ئوتتۇرا ھېساباتىكى ۋاقىت بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى 37 يىلدىن، ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش مەزگىلىدىكى 24 يىلنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى 14 يىلغا چۈشكەن، 70 ـ يىللاردىن بۇيان تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئون يىلدىن تۆۋەنگە چۈشكەن.

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بارغانسېرى ئىجادىيەت، ئىختىراغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئىجادىيەتچىلەر ۋە ئىجادىيەت مېۋىلىرىگە چوقۇنۇشتىن ئىجادىيەتنىڭ شەرتلىرى، پىسخىكىسى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى، مېخانىزمى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇشقا چوڭقۇرلاشتۇردى. بۇنداق تەتقىقات بەلكىم گۈيىس ئوتتۇرىغا قويغان «تېخنىكىدا تەرەققىياتنى تېزلىتىش قانۇنى»نى داۋاملىق ئۈنۈمگە ئىگە قىلىشى ھەمدە ئىجادىيەت، ئىختىرالارنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىدا بارغانسېرى زور دەرىجىدە رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان ۋە بارغانسېرى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

## ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى

ئىجادىيەت پائالىيىتى ماھىيەتتە يېڭى تۈزۈم شەكىللەندۈرۈش، لايىھە تاللاش ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدۇر. ئىنسانلارنىڭ بۇ جەرياننى بىلىشى سىرلىقلاشتۇرۇش، ئاددىيلاشتۇرۇش ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈردى. ھەرقايسى باسقۇچتا مۇناسىپ ھالدا ئىختىرا، ئىجادىيەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەت ھەم نەتىجىلىرىگە قارىتامۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان پوزىتسىيە بولدى. يەنى ئاۋۋالقى باسقۇچتىكى ئىختىرا، ئىجادىيەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىشتىن ئىلگىرىلەپ، ئوتتۇرا مەزگىلدىكى ئاددىيلاشتۇرۇشنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، زامانىمىزغا كەلگەندە بىر قەدەر ئوبيېكتىپ، ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇشقا قەدەم قويدى.

ئىختىرا، ئىجادىيەت جەريانىنى كۆپ نۇقتىلاردىن تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە بولىدۇ، مەسىلەن، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، مەنبە نۇقتىسىدىن، جەرياننىڭ ماھىيىتى، مېخانىزمى نۇقتىسىدىن ياكى جەرياننىڭ باسقۇچلىرى، تەرتىپى نۇقتىسىدىن قاتارلىقلار.

ئىختىرا، ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسىنى تەتقىق قىلىش ـ ئىختىرا ئىجادىيەتنى نېمىنىڭ پەيدا قىلىۋاتقانلىقى تېپىش ئۈستىدىكى ئىزدىنىشتۇر. بۇ مۇقەددەم بىر مەسىلە. قەدىمكى ئادەملەر ئىختىرا ئىجادىيەت پائالىيىتىنىڭ

سىرلىق بىر مېخانىزمى بارمىكىن دەپ گاڭگىراپ قالغانلىقتىن، «ئىلاھىي تەلىمات»نى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، پلاتون ئىلھامنى «ئىلاھنىڭ قۇدرىتى ئاتا قىلغان» دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان بولسا، پروتىن «ئىلھام» ئىلاھ روھقا ئاتا قىلغان نەرسە دەپ قارىغان، توماس ئاگۇينا بولسا ئاللانىڭ «جانلىق نۇرى» نى چېچىشى ئادەمنى ئىختىرا، ئىجادىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ، دەپ قارىغان ۋە باشقىلار، شۇنداقتىمۇ يەنە بەزى ماتېرىيالىستلار تەبىئىي سەۋەب ئارقىلىق ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسىنى شەرھىيلىمەكچى بولغان. مەسىلەن، دېموكراتنىڭ ئىلھام «خۇشاللىقنىڭ ئەۋجىگە چىقىشى» دىن كېلىدۇ دەپ قارىغان؛ ھالبۇكى، «ئەۋلىيالار چارقىپەلەكنىڭ چۆرگىلىشىنى كۆرۈپ ھارۋىنى ئىختىرا قىلالايدۇ»، «سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقان ياغاچنى كۆرۈپ قېيىقنى ئىختىرا قىلالايدۇ» («خۇەينەنزى، تاغ - داۋانلار ھەققىدە شەرھى») دېگەندەك گەپ - سۆزلەرمۇ بولۇپ، بۇلارمۇ «ئامەت، ئىلاھىي تەلىمات» تەۋەلىكىدىكى گەپلەردۇر. 18 - ئەسىرگە كەلگەندە، كانىت ئىلھامنى يەنى ئىختىرا، ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى تالانت بىلەن باغلىدى، لېكىن يەنىلا تالانتنى تەبىئەتتىن ھالقىغان كۆڭۈل تەۋەلىكىگە قويۇپ، «تالانت تەلىماتى» غا ئۆتۈپ كەتتى؛ شۇنداقتىمۇ يەنە بەزى ئالىملار يەنىلا تەبىئىي سەۋەبلەر ئارقىلىق تالانتنى شەرھىيلەشكە تىرىشىپ «تۇغما تالانت تەلىماتى»، «ئالاھىدە قابىلىيەت تەلىماتى» نى شەكىللەندۈردى. مەسىلەن، ف. گالتون «ئىرسىيەتلىك تۇغما تالانت» ناملىق ئەسىردە مەشھۇر ئىختىساسلىقلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى تەكشۈردى؛ نېمىس نېرۋىلوگلىرى «لونبور جوۋ تەلىماتى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ: تالانت بىلەن سەۋدايىلىقنىڭ ئەرىلىقىدا پەقەت نېپىز قەغەز پاتقىدەك ئارىلىق بارلىقىنى، ئادەمنىڭ تۇغما قابىلىيىتى يۇقىرى بولغانسېرى روھىي كېسەللىك خاراكتېرى ئۇسۇپ كېتىدىغانلىقىنى، يەنى تالانت بىلەن روھىي كېسەللىك باغلىنىش ھادىسىسى بارلىقىنى تەكىتلىدى. نېمىس نېرۋىلوگلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدە ئىپادىلىنىشىچە، نورمال ئاھالە ئىچىدە روھىي كېسەللىك بىلەن ئاغرىيدىغانلار 0.5% بولۇپ، قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆتكەن تالانتلىقلارنىڭ ئىچىدە مەلۇم مەزگىللەردە روھىي كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلگەنلەر 13% - 12گە يەتكەن. «ئالاھىدە مەشھۇر» بولغان 35 نەپەر تالانتلىق ئادەم ئىچىدە روھىي كېسەللىك بىلەن ئاغرىغانلار 40% بولسا، روھىي كېسەللىك خاراكتېرى بارلار 90% كە يەتكەن. بۇنىڭدىن كېيىن، روھىي كېسەللىكلەر تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، تالانت ۋە ئۇنىڭ ئىختىرا، ئىجادىيەت مېخانىزمىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم «پاسوگراف» تەلىماتى گۈللىنىپ كەتتى. گالتون يەنە ستاتىستىكىدىن قول سېلىپ تالانت بىلەن ئىرسىيەت، تالانت يېتىشتۈرۈشكە دەسلەپكى ماتارىپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مەشھۇر ئالىملار سانىنىڭ يىرىمىغا يېتىپ بارىدىغان تازا ئىرناقتا توختايدىغانلارنىڭ چوڭ ئوغۇل ياكى يالغۇز ئوغۇل ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا خېلى كۆپلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ بىرسىنىڭ قولىدا «بولۇپمۇ ئانىسىنىڭ» يالغۇز بېقىپ چوڭ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، غەلىتە خاراكتېر يېتىلدۈرگەنلىكىنى بايقىدى.

يېقىنقى زاماندا، كروك ئوتتۇرىغا قويغان «بىۋاستە تۇيغۇ تەلىماتى» بىۋاستە تۇيغۇنىڭ سەزگۈ ئاساسىنى ئىنكار قىلىپ، ئىجادىيەتنى يەنە سىرلىقلاشتۇرۇۋەتتى، بۇ تەلىمات كېيىنچە بېرگسون، براۋىرلارنىڭ بىۋاستە تۇيغۇچىلىقىغا تەرەققىي قىلدى - دە، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىۋاستە تۇيغۇ ئەقىل بىلەن پەنگە قارىغاندا تېخىمۇ بەك كۆزنىتىش كۈچىگە ئىگە دەپ قاراپ، پەقەت پىسخىك خاراكتېرىلا بار بىۋاستە تۇيغۇ بىلەن پەننى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويدى. يۇقىرىدىكىلەر ئىختىرا، ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئاساسلىقى پىسخىك ئامىللارغا ئاساسلانغان ئىدىيىۋى لوشيەنى بولدى. بۇلاردىن باشقا يەنە «چىڭ تۇرۇش تەلىماتى» مەيدانغا چىقىپ، مەغلۇبىيەت — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى، قىيىن ئىش يوق ئالەمدە ئىرادىلىك ئادەمگە دېگەن ناملار بىلەن ئاتالدى؛ «تىرىشچانلىق تەلىماتى» مەيدانغا چىقىپ، تالانت تىرىشچانلىقتا، «چەكسىز بىلىم دەرياسىدا جاپاغا چىداپ ئۈزگەنلەر نام قازىنىدۇ» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالدى؛ «ئېھتىياج تەلىماتى» مەيدانغا چىقىپ، ئېھتىياج ئىختىرانىڭ ئانىسى، ئىجتىمائىي ئېھتىياج پەن - مەدەنىيەت ئىجادىيىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، دەپ قارىدى؛ يەنە «ۋېگېنتاتسۇلىق تەلىماتى» مەيدانغا چىقىپ، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۆزىنىڭ

ئىچكى قانۇنىيىتى بويىچە داۋام قىلىدۇ. ئىلمىي ئىختىرا، ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنىڭ قولغا كېلىشى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىدى.

ئومۇمەن قارىغاندا، يۇقىرىدىكى تۈرلۈك تەلىماتلاردىن «ئىلاھىي تەلىمات» قاتارلىقلارنىڭ بىمەنە بولۇشىدىن باشقا، قالغانلىرى ياكى ئىجادىيەتچىنىڭ پەزىلەت قابىلىيىتىنى نۇقتا قىلغان ياكى تەپەككۇر ماھارىتىنى تەكىتلىگەن، ياكى ئىجتىمائىيلىقتىكى تەقەززا قىلغۇچى ئامىللارنى نەزەردە تۇتقان، ياكى تەتقىقات پوزىتسىيىسىگە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا بەلگىلىك ھەقىقەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان. ئەمەلىيەتتە، ئىختىرا، ئىجادىيەت توغرىسىدىكى يېقىنقى زاماندىكى تەتقىقات ئىپادىلەپ بەردىكى، ئىختىرا، ئىجادىيەت ھەرگىز يەككە ئامىلنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلمەيدۇ، بەلكى نۇرغۇن ئامىللارنىڭ ئومۇمىيلىشىپ تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ.

ئالدى بىلەن، ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ئەركىن تۈلانما تەسەۋۋۇر تەپەككۇرى، يېتەكلەش تەپەككۇرى ۋە ئىجادىي تەپەككۇردىن ئىبارەت تۆت خىل بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئىجادىي تەپەككۇر ئادەتتىكى مەنتەقىلىق ئەقلىي تەپەككۇر دائىرىسىدىن ھالقىغان بىر خىل يېڭىچە پائالىيەت جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ غەيرىي مەنتەقىلىق تەپەككۇر كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. ئىجادىي تەپەككۇر ئىختىرا، ئىجادىيەت جەريانىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئەمما، ئاساسلىقى مەنتەقىلىق تەپەككۇر بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان يېتەكلەش تەپەككۇرى ۋە تەسەۋۋۇر، تۈلانما تەسەۋۋۇر بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئەركىن تەپەككۇرمۇ ئوخشاشلا ئىختىرا، ئىجادىيەتتە كەم بولسا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىختىرا، ئىجادىيەت پائالىيىتى بىلەن ئۈنۈملۈك شۇغۇللىنىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىجادىي تەپەككۇر ئىجادىي تەپەككۇردىن تېخىمۇ كەڭ بولغان مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، تۆت خىل تەپەككۇرنىڭ تەتقىقات تېمىسىغا دەللەنگەن ھالدا مۇۋاپىق بىرىكىشى بولۇشى كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئادەم تەپەككۇرىنىڭ ئۈنۈمىنى بەلگىلەيدىغان ئەقلىي قابىلىيەت تۈرلۈك بىلىش قابىلىيەتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىرلىكى بولۇپ «تورىتون 1943 - يىل) ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر. ئەقلىي قابىلىيەت تۆۋەنلىسە گەرچە مۇقەررەر ھالدا ئىجادىي قابىلىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمىسىمۇ (ھېلسون كروكپىرد 1970 - يىل)، لېكىن ئىجادىي قابىلىيەت ئەقلىي قابىلىيەت ئامىللىرى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ئەھۋالدىلا شەكىللىنەلەيدىغان، ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىقلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئامىلدۇر. پسىخولوگىيە تەتقىقاتى ئىپادىلەپ بەردىكى، ئىجادىي قابىلىيەت بىلەن ئەقلىي قابىلىيەت كوررىتسىيلىك باغلىنىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. ھەر ئىككىلىسى تۇغما قابىلىيەت تەرىپىدىنلا بەلگىلەنمەيدۇ. ئادەمنىڭ تۇغما قابىلىيىتى پەقەت ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئاساسىي بولىدۇ. ماتارىپ ئامىلى، ئىجتىمائىي ئامىل ۋە ئەمەلىيەتتىكى تىرىشچانلىق ئامىللىرى ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئورتاق تەسىر كۆرسىتىدۇ (سىنگىر 1961 - يىل، باندۇرا، ۋاتتىز 1965 - يىل) شۇنداقلا ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئىرسىيەتلىك ئامىللارنىڭ تەسىرى پەيدىنپەي كىچىكلەپ بارىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىجادىي قابىلىيەت ۋە ئەقلىي قابىلىيەتكە ئىگە بولۇش ئىختىرا، ئىجادىيەتنىڭ ئېھتىماللىقىنىلا ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەر بىر ئادەمدە ئوخشاشمىغان دەرىجە ۋە سۈپەتتىكى ئىجادىي قابىلىيەت (ماسرو) بولىدۇ. بۇنداق ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى نۇرغۇن باشقا ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، يەنى پسىخىك ئامىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىجتىمائىي مۇھىت ئامىللىرى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ئەقلىي قابىلىيىتى ئۈستۈن بولسىلا، ئىجادىي قابىلىيىتىمۇ جەزمەن ئۈستۈن بولۇۋەرمەيدۇ، ئىجادىي قابىلىيىتى ئۈستۈن بولسىلا جەزمەن ئىختىرا، ئىجادىيەت قىلالايدۇ دېگەن گەپمۇ بولمايدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا، ئىختىرا، ئىجادىيەت پائالىيىتى جەمئىيەت ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، جەمئىيەتكە ئەسقاتىدىغان بولۇشى شەرت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجادىي قابىلىيەتنى ھاسىل قىلىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ

ئىجادىيلىقى بىلەن ئوخشىمىغان ھالدا ئىجادىي قابىلىيەت مۇقەررەر ھالەت بىلەن باغلىنىدۇ (مالتىزمان)، جەمئىيەت ئۈچۈن ئەسقېبىتىشى شەرت بولىدۇ (مېدىنىك). شۇڭا، ئىختىرا، ئىجادىيەت ئېمىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىلا ئەمەس، بەلكى ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ تەدبىقلىنىشىمۇ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولۇشى، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈشى شەرت. پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى ئىجادىيەت، ئىختىرا پائالىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجى تېخىمۇ بىۋاسىتە تەسىرگە ئىگە بولۇپ، ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەر ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئىختىرا، ئىجادىيەت ئېمىلىرىنىڭ بۇلىقى ھېسابلايدۇ. لېكىن، ئىختىرا، ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، بەلگىلىك شەرتلەر ھازىرلىنىشى شەرت، مەسىلەن، تەجرىبە، بىلىم، ئۇسۇل ۋە ئۇقتىشنەزەر قاتارلىقلار ھازىرلىنىشى شەرت. بۇ شەرتلەر ھەمىشە پەن - تېخنىكا، پەلسەپىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە ئىختىراچىلارنىڭ ئىگىلەش دەرىجىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ شەرتلەر ھازىرلانماي يالغۇز ئىجتىمائىي ئېھتىياجلا بولغان بىلەن، يەنى يۈكسەك ئىجادىي قابىلىيەت ۋە ئامەتلىك پۇرسەت ھەم ئىلھام ھازىرلانغان بىلەنلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى جەزمەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. بۇلاردىن باشقا، يۇقىرىدىكى بارلىق ئامىللار تەل بولغاندىن كېيىنمۇ ئىختىرا، ئىجادىيەت يەنىلا مۇشەققەتلىك، مۇرەككەپ بولىدۇ، يەنى ھەم توغرا تاكتىكا، ھەم جەسۇر ئىرىشچانلىق، شۇنداقلا مۇھىت جەھەتتىكى تۈرلۈك پايدىلىق شارائىتلار ھازىرلانغاندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ.

ئىختىرا، ئىجادىيەت سوتسىيالوگىيىسى توغرىسىدىكى تەتقىقات ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى ر. مورتوننىڭ ئىلىم - پەن سوتسىيالوگىيىسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىدىن باشلانغان. 1933 - يىلىدىكى ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىش ئىلمىي ماقالىسىدا ئۇ 17 - ئەسىردىكى ئەنگلىيىنىڭ ئىختىرا، ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى ھەققىدە ئىزدەندى. ئالاھەزەل ئۇنىڭ بىلەن بىرلا چاغدا ۋ. ف. ئوگبىر قاتارلىقلار «ئىختىرا، ئىجادىيەت دېگەن مۇقەررەرلىكمۇ» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىدا، ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىگىزلىك ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن س. ك. گىرىفلان «ئىختىرا سوتسىيالوگىيىسى»نى ئېلان قىلىپ، 40 تۈرلۈككە يېقىن ئىختىرانىڭ ئىجتىمائىي پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1952 - يىلى ب. بۇبىر ئېلان قىلغان «ئىلىم - پەن ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپ» ۋە 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ج. كيوركىس قاتارلىق بىر نەچچە كىشى بىرلىكتە يازغان «ئىختىرانىڭ مەنبەسى» قاتارلىق ئەسەرلەردە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ئۈستىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق ئىزدىنىشلەر بولدى، بۇ ئىزدىنىشلەر مۇھىم تەسىر قوزغىدى.

ئىختىرا، ئىجادىيەت ھەققىدە جۈملىدىن تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىسادشۇناسلىقى تەتقىقاتىنىڭ باشلىنىشىنى ھەتتا تروتسكىنىڭ «تەرەققىياتنىڭ ئەگرى سىزىقلىقلىقى ھەققىدە تەلىمات»قىچە سۈرۈشتە قىلىش مۇمكىن؛ ئۇ 1923 - يىلى تەرەققىياتقا ئۇزاققىچە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئىچىدە تېخنىكا ئىنقىلابىي مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. كاندراتىۋ 1920 - يىلى ئەتراپىدا «ئۇزاق دولقۇن ھەققىدە قىياس»نى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە كېيىنچە يەنە تەجرىبە خاراكتېرلىك قانۇنىيەت ھەم ئۇزاق دولقۇننىڭ چېكىنىش باسقۇچىدا مۇھىم ئىختىرا ۋە كەشپىياتلارنىڭ ئالاھىدە كۆپ بولىدىغانلىقىنى تاپتى. ج. ھونبوت 1934 - يىلى ئېلان قىلغان «ئىقتىسادىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى» دېگەن كىتابىدا «يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پەقەت تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش پائالىيىتىلا ئۇزاق دولقۇن كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ يەنە بىرىنچى بولۇپ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئۇزاق چاستوتلۇق مەزگىللى دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇقىم بولماسلىقى بىلەن ئىقتىسادتا تۈرلەش ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان «تەكچۈك ساھە»دە بولىدۇ، دەپ قارىدى. 1979 - يىلىغا كەلگەندە گ. مېنشىي «تېخنىكا ئۇيغۇسى — يېڭىلىق يارىتىش چېكىنىشنى ئۆزگەرتىدۇ» دېگەن كىتابىدا تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش

ئۇزاق چاستوتىدا مەزگىللىك نەزەرىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى، 1980 - يىلى گ. رايى تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش دولقۇنى كاندراتىۋ ئوتتۇرىغا قويغان ئۇزاق دولقۇننىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىن 10 - 20 يىل ئىلگىرى يۈز بېرىدۇ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. گىللفارك تېخمۇ ئىلگىرىلەپ 90 - يىللاردا يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى يۈز بېرىدۇ، دەپ ھۆكۈمالىق قىلدى. بۇلاردىن باشقا يەنە باشقىچە نۇقتىلاردىن ئىختىرا، يېڭىلىق يارىتىش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغانلارمۇ مەيدانغا چىقتى، مەسىلەن، دوما، ھارلود، دەنسۇن قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقاتى ئەنە شۇلارنىڭ تىپىدىندۇر.

لوگىكىلىق نۇقتىدىن ئىستىرانىڭ مەنبەسىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەن پىلاتون، ئارستوتىللارنىڭ تەبىر كەشىپ قىلىش توغرىسىدىكى لوگىكىسىدىن باشلانغان بولۇپ، پىلاتون ئورتاقلىقتىن ئالاھىدىلىككە ئۆتۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولسا، ئارستوتىل تۈرلەرگە ئايرىش بويىچە تەبىر كەشىپ قىلغان. بەكون ۋە نيۇتونلار تەرەققىي قىلدۇرغان ئىندۇكسىيە ئۇسۇلى 17 - ئەسىردىكى ئىلمىي كەشپىياتلار ۋە تېخنىكا ئىختىراچىلىقىغا يېتەكچىلىك رول ئوينىغان بولسا، كېيىنكى كۆزلەردە مونىنانىڭ تەكەممۇللاشتۇرۇشى ئارقىلىق ئىندوگىيلىك لوگىكىغا ئايلاندى. 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دىكار، بۆ يىل قاتارلىق ئالىملار قىياس قىلىش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قىياستىن دېدوكسىيلىك ئۇسۇل ئارقىلىق كەشپىياتقا ئېرىشىشتىن ئىبارەت مۇنداق ئۇسۇل 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چەتكە قېقىلىشقا باشلىدى. 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، يەنىلا ئەيىبلەشكە ئۇچرىدى، 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەنە يېڭىباشتىن ئەھمىيەت بېرىشكە مۇيەسسەر بولدى. گېرمانىيىنىڭ ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپى لېيبنىتز 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا. ھەقىقىي بىلىم تەجرىبىنى ئاساس قىلىش پرىنسىپى ئاساسىدا بارلىققا كەلمەيدۇ. ئالەم بىر ماتېماتىكىلىق - لوگىكىلىق سىستېمىدىن ئىبارەت، ئۇنى پەقەت ئەقلىيلىق بىلەنلا چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ. دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان 17 - ئەسىردىكى ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيىلەرنىڭ ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى ھېسسىي تەجرىبە ۋە ئەقلىيلىق دەيدىغان ئىدىيە ئۇلارنىڭ ئىختىرا، ئىجادىيەتنىڭ بىر لوگىكىسى بارلىقىغا ئىشەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىغا كەلگەندە ماخ ۋەكىللىكىدىكى ئىلىم - پەن پەيلاسوپلىرى مۇنداق مۇمكىنچىلىكنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئىنكار قىلدى. ماخ قاتارلىق يېڭى دەللىچى پەيلاسوپلار ۋە كېيىنكى كۆزلەردىكى لوگىكىلىق تەجرىبىچى پەيلاسوپلار جۈملىدىن بوپپۇل، رومسو، ۋىتگىنشتېين، كالنىنوۋ قاتارلىقلار ئىلىم - پەن لوگىكىسى بىلەن ئىلمىي ئۇسۇلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەۋستى ئىلىم - پەن بىلىملىرىنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ئەمەس، بەلكى دېدوكسىيلىك نەزەرىيە ئەندىزىسى بويىچە«بىرلىككە كەلگەن ئىلىم - پەن» قۇرۇش دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلگىنى «باغلىنىشنى ھەقىقىي ئىسپات قىلىش»بولىدىكى، «باغلىنىشنى ئىختىرا قىلىش» بولمىدى. ھېۋېل ئىلمىي كەشپىيات لوگىكىسى بارلىقىنى تېخمۇ ئىلگىرىلەپ ئىنكار قىلدى: «مەلۇم ئامىتى بار ئەقلىي چاقناشلار بارلىق پرىنسىپلاردىن ھالقىپ كېتىدۇ. بىز مۇقەررەر ھالدا كەشپىياتقا ئېلىپ بارىدىغان پرىنسىپلار بىلەن تەمىنلەش ئېلىپ بارساق بولمايدۇ» دېدى. لېكىن، 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىغا كەلگەندە، ئىلىم - پەن پەيلاسوپى كۇن، ئىلكىنا قاتارلىقلار ۋە رۇسىيىدىن كەيتروپ يېڭى دەللىچە پەننىڭ نۇقتىنەزەرىنى تەنقىد قىلىپ، يېڭى دەللىچىلىكنىڭ «كەشپىيات لوگىكىسى» بىلەن دەلىللەش لوگىكىسى»نى پەرقلەندۈرۈشنىلا ساقلاپ قالدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن پەيلاسوپلار بىر خىل مۇۋاپىق بولغان كەشپىيات لوگىكىسىنىڭ ئۆزى كەشىپ قىلغان نەرسە (نەزەرىيە)نىڭ توغرىلىقىنى ئۆزلىكىدىن ئىسپاتلايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكتىن، كەشپىيات لوگىكىسىدىن باشقىچە بولغان بىر خىل دەلىللەش لوگىكىسىنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئەمەس، دېگەن يەردە تۇرغان ئىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيىدە باش كۆتەرگەن ئىلىم - پەن سوتسىيالوگىيىچىلىرىمۇ كەشپىيات لوگىكىسى بىلەن دەلىللەش لوگىكىسى بىللە مەۋجۇت بولىدۇ، دېگەن نۇقتىنەزەرنى قوبۇل قىلغان ئىدى. بۇنداق نۇقتىنەزەر ھازىرقى كۈندە ئاللىقاچان

ئىختىرامېتودولوگىيىسى تەتقىقاتىنىڭ ئاساسلىق ئېقىمىغا ئايلىنىپ، كەشپىيات لوگىكىسى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

ئونۇملۇك لوگىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق ئىجادىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى يەنە بىر تەتقىقات لۇشيەنىنى ئۈچ خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى، ئىلمىي رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش جەريانىدا شەكىللەنگەن. مەسىلەن، مەخسۇس يېشىم تەپەككۇرنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئامېرىكا ماتېماتىكى ئىلكىتا يېشىمنىڭ ئۆزىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «مەسىلىلەرنى قانداق يېشىش كېرەك» دە ئىزدىنىش ئۇسۇلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «مەسىلىلەرنىڭ يېشىم جەدۋىلى»نى بەرپا قىلدى. نورمال، سىمون قاتارلىقلار سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار تەتقىقاتى جەريانىدا «مەسىلىلەرنى يېشىشنىڭ ئومۇمىي تەرتىپى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. لانال «بەلون — 3» تەرتىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە باشقىلار. مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر خىل ئۇسۇل لوگىكىلىق ئىختىرا تەرتىپى بىلەن ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى ئۇسۇلىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، شىچۈەن گويىجۇ مىينىڭ تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ليۇۋتىز ئوتتۇرىغا قويغان پارامېترلىق تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئەنە شۇلاردىندۇر. ئۈچىنچى خىل ئۇسۇل تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىدىن قول سېلىپ، بىلىمنى جانلىق ئىشلىتىش ئۇقتىسىدىن لوگىكىلىق تەرتىپ بويىچە ئىختىرا، ئىجاد قىلىش ئۇسۇلىدۇر. مەسىلەن، رۇسىيىنىڭ ئىختىرا يېشىم تەرتىپى تىزىسلىرى ۋە كولبىرنىڭ ئالماشتۇرۇپ بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى ئەنە شۇلاردىندۇر. بۇ بىر نەچچە خىل ئۇسۇل ئوخشاشمىغان دەرىجىدە لوگىكىلىق ئۇسۇلنى ئىختىرا، ئىجادىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان كاپالەتكە ئايلاندۇرۇش ئۇسۇللىرى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىختىرا، ئىجادىيەتنى بەلگىلىك ئىلمىيلاشتۇرۇلغان ئۇسۇل ۋە ماھارەتنى تەدبىقلاشنى نەتىجىسى دەپ قارايدۇ. بۇ ئۇسۇللار ئونۇملۇك دەپ قارىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئېھتىمال نۆۋەتتىكى تازا ئېنىق بولمىغان ئىختىرا ئىجادىيەتلەرنىڭ مېخانىزمى بولۇپ قالىدۇ. بىز تۆۋەندە ئىككىنچى، ئۈچىنچى خىل ئۇسۇلنى ئۇقتىلىق تونۇشتۇرىمىز.

(تاھىر مۇھەممەت تەرجىمىسى)

---

(بېشى ۋ - بەتتە)

تۇرماستىن، بەلكى مەسىلىلەرنى بىخ ھالىتىدىلا تۈگىتەلەيدىغان، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاكتىپ ۋە ئىجادىي چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولۇشى شەرت.

10. ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىدىكىلەر بىلەن ئۆزئارا بىلىشىدىغان، چۈشىنىشىدىغان بولۇش، ئوخشاشلا ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىدىكىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىكلىرى بىلەن ئۆزئارا بىلىشىدىغان، چۈشىنىشىدىغان قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا تۆۋەن دەرىجىلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ماسلاشتۇرۇپ تۇرالايدىغان بولۇش شەرت.

11. كەسىپكە پىداكار بولۇشتەك ئالىيجاناب روھ ئۇرغۇغۇشنى ئەڭ زور خۇشاللىق دەپ بىلىش شەرت. بۇ نەچچە تۈمەن ماختاش سۆزلىرىدىن مىڭ، ئون مىڭ ھەسسە ئەلادۇر. يەنە باشقۇرۇش تەشكىلىي خىزمىتىگە، ئۆز ئىشىغا پىداكارلىق بولۇشى شەرت.

12. ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئىناۋىتىگە تايىنىشنى خىزمىتىنىڭ ئاساسى قىلالايدىغان بولۇشى شەرت.

(قۇربان سوپى تەرجىمىسى)

# مۇھەررىر ۋە تالانت ئىگىلىرى

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

ھەر بىر كىتاب، ھەر بىر ئەسەر مەنىۋى مەدەنىيەت بىناسىنىڭ تاملىرىغا تىزىلغان يىمىرىلمەس خىش. ئەنە شۇنداق خىشلار بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت بىناسىنى بارغانسېرى ئېگىزلىتىپ ماڭغۇچى مۇھەررىرلەر شۇ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قۇرغۇچىلىرى، ئۇلار مەنىۋى مەدەنىيەت سېپىدە جاپالىق ئىشلەپ، كىشىلەرگە ياخشى ئىدىيە، ياخشى ئەخلاق - پەزىلەت، ئەقىل - پاراسەت تارقىتىش، سۆيۈپ-بېكىتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىللە ئويىپكىتىپ دۇنيانىمۇ ئۆزگەرتىپ، يېڭىچە دۇنيا يارىتىشقا جۈرئەت قىلىدىغان جەڭگىۋار روھ، قەتئىي ئىرادە، يۈكسەك غەيرەت - جاسارەت بېغىشلاش، ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئىستىلنى يەتكۈزۈش، سىڭدۈرۈش بولىدا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قان - تەر ئاققۇزىدىغان نامسىز قەھرىمانلار.

مۇھەررىر ئاپتورلار بىلەن كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى، مەنپەئەتنى رىشتە، ۋاستە، كۆۋرۈك بولۇپ تۇتاشتۇرىدۇ. مۇھەررىرنىڭ ۋاستىسى ۋە قولى ئارقىلىق كىتابخانلار خىلمۇ خىل، مول مەزمۇنلۇق، ئۆزلىرىگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولغان شېرىن مېۋىگە - مەنىۋى مەنىشەتكە ئىگە بولىدۇ. يېڭى مەنىۋى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىپ، يېڭى مەنىۋى يۈكسەكلىككە قەدەم قويىدۇ. دېمەك، مۇھەررىر پەن - مەدەنىيەتنى تارقىتىش، گۈللەندۈرۈشتىلا ئەمەس، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى تەربىيلەش - يېتىشتۈرۈش، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيە - مەدەنىيەت، ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۇستۇرۇشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم رول ئوينايدۇ.

قۇدرەتلىك مەنىۋى ئۇۋرۇكى بولمىغان مىللەتنىڭ دۇنيا ئەللىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. قۇدرەتلىك مەنىۋى ئۇۋرۇك بەرپا قىلىش پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ ئورتاق ئىشى. بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا بىزگە مىليونلىغان قابىل تايانچىلار، تالانت ئىگىلىرى كېرەك. تالانت ئىگىلىرى بىر قەدەر يۇقىرى تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ۋە ماھارەتكە ئىگە كىشىلەر. ئۇلارنىڭ رولى بىر قەدەر زور، ھەتتا باشقىلارنىڭكىدىن بىر نەچچە ھەسسە زور بولىدۇ. خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جەمئىيەت ئۈچۈن غايەت زور بايلىق يارىتىدىغان كەشپىياتچىلار، ئىجادكارلار، مۆجىزە ياراتقۇچىلار. ئۇلارنىڭ بىلىمى مول، تەپەككۇر قابىلىيىتى ئالاھىدە يۇقىرى، پىكرى چوڭقۇر، كۆزى ئۆتكۈر، نەزەر دائىرىسى كەڭ، تەسەۋۋۇرى ئەركىن پەرۋاز قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئىختىرا قىلىشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا، ئىجادچانلىق روھىغا باي بولىدۇ، ئۇلار ئۆز مۇھىتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى سەۋىيىسىدىن ھالقىپ، يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىپ، ئۆز كەسپى، ئۆز ساھەسى، ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ خىزمىتى ۋە تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگۈچىلەر، «بۇنداق ئادەملەر ئاز ئۇچرايدۇ، قەدىرلەش توغرا كەلسە، شۇنداق ئادەملەرنى قەدىرلەش لازىم» (چىخوۋ). تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئەتىۋارلاشنى بىلمىگەن مىللەت روناق تاپالمايدۇ. تالانت ئىگىلىرى كۆپەيسە ئەقىل - پاراسەت كۆپىيىدۇ، مىللەتنىڭ ئەقىل - پاراستى ئۆسىدۇ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ، ساپاسى ياخشىلىنىدۇ، كۈچ - قۇدرىتى، ئىززەت - ھۆرمىتى ئاشىدۇ، بۇنداق مىللەتنىڭ تەرەققىياتى تېز بولىدۇ.

ئالتۇن يەردە قالماي ھەر قاچان ئەتىۋار بولۇپ كەلگەندەك تالانت ئىگىلىرى ھامان ئەتىۋارلىنىپ كەلگەن. دانىشمەن ئاقىللار تالانت ئىگىلىرىنى تولىمۇ قەدىرلىگەن.

هازاران خىش قابىل ئەگەر مى رەپىت چەغەم دەرەم،

ۋەلى ئەرسەمكى يەك يېگانە ئى ئاقىل رەۋەد ئەزدەست.

بۇ، ئىران شائىرى ھاپىز ئىرازىنىڭ مەشھۇر ھېكمەتلىك سۆزى. بۇنىڭ مەنىسى ئۆزۈمنىڭ ئۇرۇق - ئۇغقان، خىش - ئەقرىبالىرىم بولسىمۇ، كېرەكسىز، ناقابىل كىشىلەر بولۇپ، ئۇلاردىن قانچىسى ئۆلۈپ كەتسە، بۇنىڭدىن

غىمىسىم يوق، پەرۋايىم پەلەك. لېكىن ماڭا يات بولسىمۇ، كىم ۋە قەيەرلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاقىل بىلىملىكلەردىن بىرسى ئۆلۈپ كەتسە، بۇنداق ئادەملەرنىڭ دەرد ـ پىراقىدا ياقامنى چاك ئېتىمەن، دېگەنلىك. بۇ سۆز كىشىنى نەقەدەر ئويلاندۇرىدۇ ـ ھە؟!

ئەبەيدۇللا لۇتپى ياشىنىپ قالغان ۋاقتىدا ئەلشىر ناۋايىنىڭ:

«ئارازۇڭ يارقاچ كۆزۈڭدىن تۆكۈلەر ھەر لەھزە ياش،

بۇيلەكىم پەيدا بولۇر يۇلتۇز نىھان بولغاچ قۇياش.»

دېگەن ئىككى مىسرا غەزىلىنى ئوقۇپ تولىمۇ زوقلانغان ۋە ھەيران قالغان. بۇ كاتتا شائىر ناۋايىنىڭ ئىستېداتىغا قول قويۇپ، شۇ چاغدا مەدرىستە ئوقۇۋاتقان ناۋايىنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن ۋە بارىكاللا ئېيتقان. ئۇ، بۇ ياش تالانت ئىگىسىگە قايىللىق بىلەن مۇنداق دېگەن: «مەن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە يازغان 12 مىڭ مىسرالىق ئىككى دىۋانىمنى سىزگە بېرەي، سىز ماڭا مۇشۇ ئىككى مىسرا غەزىلىڭىزنى بېرىڭ!» بۇ نەقەدەر ئالىيجانابلىق ـ ھە؟!

دانىشمەنلەر تالانت ئىگىلىرىنى گۆھەر ھېسابلاپ، قەدىرلەپ ئەتىۋارلاپلا قالماي، ئۇلارغا زور ئىشەنچ بىلدۈرۈپ، قانىتىنى تەلەپ قويغان، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن.

فۇزۇلى شېئىرىيەتنى 15 يىل ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇستازى ئۇنىڭدىن ئىمتىھان ئېلىپ سىناپ بېقىپتىكەن. ئىمتىھاندىن ياخشى ئۆتكەنلىكىگە مەغرۇرلانغاندەك كەيپىياتتا بولغاندا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپتىكەن، ئارىدىن 18 يىل ئۆتكىچە فۇزۇلى ئۆزىنىڭ بىلىم جەھەتتىكى ئاجىز، ناقىسلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇستازىدىن ئەپۇ سوراپتۇ. كامالەت ئىزدەش يولىدا تېخىمۇ چوڭ ئىلگىرىلەپتىكەن.

گوركى ئىجادىيەتكە يېڭى كىرىشكەن چېغىدا نەسرى ـ نەزمە شەكلىدە يېزىلغان «دوب ناخشىسى» دېگەن ئەسىرىنى مەشھۇر يازغۇچى كورولىنكوغا كۆرسەتكەن. كورولىنكو ئەسەرنى كۆرۈپ چىقىپ، گوركىغا شۇ پەردىلا يۈزمۇ يۈز تەنقىد بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭغا ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە يېزىقچىلىققا ئائىت ساۋاتلارنى سۆزلەپ بېرىپ يول كۆرسەتكەن. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئەسەر ھەققىدە ئۆز پىكرىنى ئېنىق يېزىپ، ئۇنى گوركىغا قايتۇرۇۋەتكەن. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «سىز ئۆز بېشىڭىزدىن كەچۈرگەن، چوڭقۇرراق تەسىرلەنگەن نەرسىلەرنى يېزىپ ماڭا كۆرسىتىڭ. مەن شېئىرلارنىڭ ياخشى ـ يامىنىغا باھا بەرگۈچى ئەمەس. گەرچە شېئىرلىرىڭىزنىڭ ئايرىم مىسراسى خېلى ۋەزىنلىك، روشەن بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭچە، شېئىرلىرىڭىزنى چۈشەنمەك تولىمۇ تەس ئىكەن». گوركى بۇ سۆزلەرنى ئوقۇپ، ئۆز ئەسىرىنى ئوچاققا سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن.

بىر ئاخشىمى گوركى ۋولگا دەرياسى بويىدىكى بىر يوغان تاشتا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا، كورولىنكو ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، تولىمۇ مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان. گوركى ناھايىتى خۇش بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېقىندىن بۇيان تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتىنى، بولۇپمۇ بەزى زىيالىيلارنىڭ ئەھۋالىدىن بىلگەنلىرىنى كورولىنكوغا زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ بەرگەن. كورولىنكو ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى سۆيۈنگەن ھەمدە: «سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز ئىچىدە ئۇرغۇن توغرا نەرسىلەر بار. ناھايىتى ياخشى كۆزىتىپسىز» دەپ ماختىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاشۇ تەسىراتلىرىنى يېزىپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇرغان. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ گوركىنىڭ قەلبى يورۇپ، ۋۇجۇدىغا قانات پۈتتۈلگەندەك بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن پىيادە سەپەر قىلىپ كۆپلىگەن جايلارنى كېزىپ، ئۇرغۇنلىغان تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى توپلىغان. گوركى ئاشۇ مول تۇرمۇش جۇغلانمىسىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن يېڭىباشتىن يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ «ماكار چودرا» دېگەن ھېكايىسى ئۇنجى قېتىم «گوركى» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئېلان قىلىنغان. بۇ ھېكايە گوركىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ رەسمىي باشلىنىشى بولۇپ قالغان.

فرانسىيە ئەدەبىياتى تارىخىدا «ھېكايىچىلىقنىڭ پېشۋاسى» دەپ نام قالدۇرغان مەشھۇر يازغۇچى مۇپاسسان ئوتتۇرا

مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئۇنىڭغا فلوبېرنىڭ كۆزى چۈشكەن. 19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى مۇپاسسان ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، فلوبېر مۇپاسسانغا رەسمىي ئۇستاز بولغان. شۇ چاغدا فلوبېر ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن: «سىزدە ئىقتىدارنىڭ بار - يوقلۇقى ماڭا تېخى نامەلۇم. سىزنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن نەرسىلىرىڭىزدىن ئاز - تولا زېرەكلىك چىقىپ تۇرىدۇ. لېكىن، يىگىت، بوففون (فرانسىيە يازغۇچىسى 1788 - 1707 ) نىڭ «ئىقتىدار دېمەك، ئۇزاق مۇددەت ھارماي - تالماي ئەجىر قىلىشقا بەرداشلىق بېرىش دېمەكتۇر» دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىشنى مەڭگۈ ئۇنتۇماڭ، تىرىشىپ ئەجىر قىلىڭ، ئوغلۇم» دېگەن.

مۇپاسسان بۇ نەسىھەتكە ئەمەل قىلىپ، ھارماي - تالماي ئەجىر قىلىپ، شېئىر، كومېدىيە، ھېكايە، پوۋېستلارنى يازغان. لېكىن قاتتىق تەلەپچان ئۇستازى فلوبېر بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ياراتماي كۆيدۈرگۈزۈۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە: «پىشمىغان ئەسەرلەرنى خالىغانچە گېزىت - ژۇرناللارغا ئەۋەتىپ ئېلان قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ» دەپ قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان.

فلوبېرنىڭ بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتى مۇپاسسانغا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كەسكىن ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ، ئۇنى ھازىردىن باشلاپ قاتتىق تەلەپچان بولۇپ، ئىجادىيەتتە ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان قىلىش ئىدى.

فلوبېر مۇپاسسانغا بولغان تەلەپنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتىنى قاتتىق مەشىق قىلىپ، كۆرگەن نەرسىلەرنى ماھىرلىق بىلەن ئىنچىكە، جىق تەسۋىرلەيدىغان بولۇشنى، تەسۋىرلىنىدىغان نەرسە ئۈچۈن يېقىن كېلىدىغان ئەمەس، بەلكى دەل باب كېلىدىغان سۆز تېپىشنى تەلەپ قىلغان. فلوبېر بۇ ھەقتە مۇپاسسانغا مۇنداق دېگەن:

«سىز ھەر قانداق شەيئىنى تەسۋىرلىمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ نامىنى پەقەت بىرلا ئىسىم بىلەن ئاتىشىڭىز، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى پەقەت بىرلا پېئىل بىلەن ئىپادىلىشىڭىز، ئۇنىڭ سۈپىتىنى پەقەت بىرلا سۈپەت بىلەن سۈپەتلىشىڭىز لازىم. شۇڭا، سىز ھېلىغىچە تاپالمىغان ئاشۇ ئىسىمنى، ئاشۇ پېئىلنى، ئاشۇ سۈپەتنى تېپىشىڭىز كېرەك. ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆزلەر بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىشقا، ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ھەتتا ئۇستىلىق ئىشلىتىپ ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ. تىلدا ئۇستىلىق ئىشلىتىپ قىيىنچىلىقتىن قېچىشقا بولمايدۇ.»

ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۇستازى زالىم بولسا، شاگىرتى ئالىم بولۇپتۇ، تەربىيىسى قاتتىق بولسا، مېۋىسى تاتلىق بولىدۇ، دېگەن سۆزلەرنى بىكار ئېيتمىغان. فلوبېرنىڭ مۇپاسساننى ئاشۇنداق يۇقىرى تەلەپچانلىق بىلەن قاتتىق تۇتۇپ تەربىيىلىگەنلىكىنىڭ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى غايەت زور بولغان.

تالانت ئىگىلىرى پۈتۈن بايلىقلار ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك بايلىق. تالانت ئىگىلىرى كۆپ مىللەت ئۆزىنى باي، قۇدرەتلىك ھېسابلاشقا تامامەن ھەقلىق. شۇڭا، تالانت ئىگىلىرى قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى.

بىز ئېلىمىزنىڭ تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا كۆرەش ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. مىڭلىغان، مىليونلىغان تالانت ئىگىلىرى بولماي تۇرۇپ، بۇ ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. مەيلى پەن - تېخنىكا ساھەسى، مەيلى مەدەنىيەت ساھەسى، مەيلى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى بولسۇن، ھەممىسلا ئۇرغۇنلىغان تالانت ئىگىلىرىگە مۇھتاج. بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى تېخىمۇ شۇنداق. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن ئېتىبار بىلەن قاراپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئىختىساسلىق ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش لازىم. 900 مىليوندىن كۆپرەك ئاھالىگە ئىگە چوڭ مەملىكەتتە ئاتاقلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ھەقىقەتەنمۇ بەك ئاز. بۇ خىل ئەھۋال دەۋرىمىزگە تولىمۇ ماس كەلمەيدۇ. بىز ئاتاقلىق ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان زۆرۈر شەرت - شارائىتلارنى ئىدىيە جەھەتتىلا ھازىرلاپ

# پەن تەتقىقات ئۇچۇرلىرى

**يەنئەن روھى دېگەن نېمە؟** گوڭگجەن «ئىجتىمائىي پەن» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 6 - سانىدا ماقالە ئېلان قىلىپ مۇنداق دەپ قارىدى: يەنئەن روھى - ھەم بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى، ھەم بىر خىل مەدەنىيەت مېۋىسى. ئۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ داھىلار گۇرۇھى بىلەن چېگرا رايونىدىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ ئالاھىدە رايون ئالاھىدە زامان ۋە ماكاندىكى ئىنقىلابىي ئەمەلىيىتىنىڭ مەھسۇلى، چېگرا رايون جەمئىيىتى شۇنداقلا ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ پىسخىكىسى، ئېڭى، ئەپەككۇرى، ئەخلاقىي، ئادىتى، كەيپىياتى قاتارلىقلارنىڭ ئىدىيىۋى ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بىر خىل قىممەت قارىشىدۇر. يەنئەن روھى پۈتكۈل يەنئەن مەدەنىيەت سىستېمىسى ئىچىدە يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ يەنئەن مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىي قۇرۇلمىسى ۋە جېنى، يەنئەن روھىنىڭ ماھىيەتلىك مەنسۇپلىقى — پرولېتارىيات ئىنقىلابىي مەدەنىيىتىنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشىدۇر. ماركسىزم ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىي ۋە جېنى، بىراق، يەنئەن روھىنىڭ ئۇتتۇق ۋە يازما ھۆججەتلىرى، شۇنىڭدەك مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى ئۇنىڭ جۇڭگو، چەت ئەل مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئورگانىك بىرلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنى، كۈچلۈك مىللىي ئۇسلۇب ۋە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

يەنئەن روھىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى:

بىرىنچى، يەنئەت روھىنىڭ ئەقلىي قاتلىمى — ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش ۋە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، يەنئەن روھىنىڭ قىممەت قاتلىمى — ئاممىا بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش.

ئۈچىنچى، يەنئەن روھىنىڭ ئىرادە قاتلىمى — ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش. جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ئاددىي - ساددا ياشاش، تىرىشچان - ئىقتىسادچىل بولۇش.

**ھازىرقى باسقۇچتىكى يېزا تەبىقىلىرىنىڭ ئايرىلىشى** جاڭ جىزى، شۈي فېڭشەنلەرنىڭ «بېيجىڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە، كۆپ تەرەپلىمە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ۋە يەككە ئۆلچەم ئۇسۇلىنى ئۇنىۋېرسال قوللىنىپ، ھازىرقى باسقۇچتىكى يېزا تەبىقىلىرىنى ئۇۋەندىكىچە ئايرىغان:

1. كادىرلار تەبىقىسى. ئاساسلىقى يېزا - كەنت كادىرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانلار بىلەن ئالاقە باغلىنىشىدىكى ۋاسىتە ۋە كۆۋرۈك بولۇپ، يېزىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى تەشكىللىگۈچى ۋە باشقۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - تۈپ مەنپەئەت بىرلىكى ئاساسىغا قۇرۇلغان باشقۇرغۇچىلار بىلەن باشقۇرۇلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت.

2. يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىلىرى تەبىقىسى. ئاساسلىقى كوللېكتىپنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ، دېھقانچىلىق،

قالماي، خىزمەت تۈزۈمى جەھەتتىمۇ ھازىرلىشىمىز كېرەك»

مۇھەررىرلىك خىزمىتى تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش ۋە يېتىشتۈرۈش بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك خىزمەت. مۇھەررىرلەر ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقا تەربىيىچىلەرگە قارىغاندا، تالانت ئىگىلىرى بىلەن ۋاسىتىلىق ئۇچراشسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئۇچرىشىشى ۋە تالانت ئىگىلىرىنى چۈشىنىشى ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقا تەربىيىچىلەرگە قارىغاندا، كەڭ ۋە چوڭقۇر بولىدۇ. شۇڭا، مۇھەررىرلەر تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش ۋە تەربىيىلەشتە تېخىمۇ ئەۋزەل ئىمكانىيەتكە ئىگە.

ئەدەبىي ژۇرناللار ئەدىبلەرنىڭ بۆشۈكى ۋە مەكتىپى. ئەدەبىي مۇھەررىرلەر تەربىيىچىلەر. ئەدەبىي مۇھەررىرلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشتە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش، ئېگىز - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كەسپىي خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك مېغىزىدىن بىرى، شۇنداقلا ئۇ دەۋرنىڭ، خەلقنىڭ ئۇلارغا تاپشۇرغان مۇھىم ۋەزىپىسى ۋە ئۇلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدى. مۇھەررىرلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن ئېيتقاندا، تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش ئۇلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى مۇھەررىر ھەرقاچان ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تونۇشۇپ ئادا قىلىپ «ئاتاقلىق ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە ۋە ئۇسۇپ يېتىلىشىگە» تىرىشىپ ھەسسە قوشۇپ، مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

ئورمانچىلىق، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسىم كىرىمى ياكى بارلىق كىرىمى دېھقانچىلىقتىن كىرىدۇ. بۇ تەبىقە مەملىكىتىمىزدىكى كۆپ قىسىم يېزىلارنىڭ گەۋدىلىك ۋە ئاساسىي ئەمگەكچىلىرى.

3. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرغۇچىلار تەبىقىسى. ئاساسلىقى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ زاۋۇت باشلىقلىرى، دىرېكتورلىرى، شۇنىڭدەك سېخ، بۆلۈم ئىشخانىلارنىڭ باشقۇرغۇچى خادىملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى چوڭراق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ـ باشقۇرغۇچىلار بىلەن باشقۇرۇلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت.

4. يېڭى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدىكى ئىشچىلار تەبىقىسى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدا ئىشلەيدىغان ئەمگەكچىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنى يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ شەھەردىكى ئىشچىلار سىنىپى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇقراق، تەشكىللىنىش ئىنتىزامچانلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك، ئېڭى بىر قەدەر يۇقىرى، ئۇلار يېزىلاردىكى سانائەت بىلەن دېھقانچىلىقنىڭ بىرلىشىشىگە ۋە شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە قاراپ مېڭىشىدىكى كۆۋرۈك.

5. بىلىملىكلەر ۋە تېخنىكلار تەبىقىسى. يېزىلاردا مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە، مەدەنىيەت، سەنئەت قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەر توپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئىشچى ـ دېھقانلار بىلەن بىرلەشسە غايەت زور ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ھاسىل بولىدۇ، دېھقانلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە، ئاساسەن ئۇلارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

6. يەككە ئەمگەكچىلەر، شۇنىڭدەك قول سانائەتچىلەر تەبىقىسى. مەلۇم قابىلىيەتكە ئىگە،مەخسۇسلاشقان،مەلۇم ئەمگەك ياكى مۇلازىمەت ـ رېمونتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچى ياكى باشقۇرغۇچىلار توپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى كەملىكنى تولۇقلاش رولىنى ئوينىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ يەككىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە مەنپەئەتپەرەسلىك خاراكتېرى سىياسەتلەرنىڭ بوشلۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، بازارنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.

7. شەخسىي كارخانا خوجايىنلىرى تەبىقىسى. سەككىز نەپەردىن ئارتۇق ئىشچى ياللايدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان، ياللانما ئەمگەكچىلەر ياراتقان قوشۇمچە قىممەتنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان شەخسىي كارخانا خوجايىنلىرى توپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ياللانما ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن قارىمۇ قارشى.

8. ياللانما ئىشچىلار تەبىقىسى. شەخسىي كارخانا ياكى يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر تەرىپىدىن ياللىنىدىغان، ئەمگەك كۈچى بولۇپ ئىشلەيدىغان ئەمگەكچىلەر توپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئاساسەن يېزىلاردا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىش دائىرىسىنىڭ چەكلىملىكلىكى تۈپەيلىدىن شەخسىي كارخانىلارغا ياللانغان. ئۇلارنىڭ ياللىغۇچى بىلەن بولغان باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى چوڭ بولۇپ، زىددىيىتىمۇ بارغانسىرى چوڭ بولماقتا.

## ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە

باۋلىيەنزۇڭ «جياڭسۇ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە، ئېتىكىنىڭ مۇھىم كاتېگورىيىسى بولغان ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتنى شەرھىلەپ مۇنداق دېگەن: ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتنى قانۇنىي مەسئۇلىيەت ۋە ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ، روشەن ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە. سۇبيېكت جەھەتتە، ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتتە ئاساسلىقى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن جاۋابكارلىقنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىش بولىدۇ. باشقا مەسئۇلىيەتلەردە، ئاساسلىقى مەسئۇلىيەتنى مەجبۇرىي ۋاستە ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈش بولىدۇ. مىقدار جەھەتتە، ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت ئۆز زىممىسىگە ئالغان دائىرە ئالاھىدە كەڭ بولىدۇ، باشقا مەسئۇلىيەتلەرنىڭ دائىرىسى بىر قەدەر كونكرېت بولىدۇ.

ئادەم نېمىشقا ئۆز پائالىيىتى جەريانىدا مۇئەييەن ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ؟ ئادەم بىر پائالىيەتنى ئاللىۋېلىشتا مۇئەييەن ئەركىنلىككە ئىگە بولغان ئىكەن، ئۇ ھالدا ئۆز پائالىيىتى جەريانىدا مۇئەييەن ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتنىمۇ ئۆز زىممىسىگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. تارىخنى ئادەمنىڭ ئۆزى ياراتقان ئىكەن، ئۇ ھالدا ھەر بىر ئادەمنىڭ تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرمۇ رېئال ئادەملەرنىڭ ئۆز پائالىيىتى جەريانىدا مۇئەييەن ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى لازىملىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت ئادەملەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى.

ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت كونكرېت تارىخىي كاتېگورىيە بولۇپ، ئۇ ئوخشاش بولمىغان دەۋر ۋە جەمئىيەتتە ئوخشاش بولمىغان دائىرە بىلەن چەكلىنىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئادەم جەزمەن ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ھەم قىلالايدىغان ۋە ئاللىۋالالايدىغان پائالىيەتلەر ئالدىدا ئەخلاقىي جاۋابكارلىقنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ. كونكرېت دائىرىسى مۇنداق: 1) قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ۋە تاللىۋېلىشقا تېگىشلىك پائالىيەت ئالدىدا؛ 2) ئوبيېكتىپ جەھەتتە تاللىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغاندا؛ 3) سۇبيېكتىپ جەھەتتە تاللاشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قابىلىيىتىنى ھازىرلىغاندا.ئادەملەرنىڭ پائالىيەت ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتىگە ھۆكۈم قىلىشتا بۇ بىر نەچچە

تەرەپنى بىرلەشتۈرۈپ كونكرېت تەتقىق قىلىش كېرەك.

ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش نۆۋەتتە ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم بىر مەسىلە، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى: ئالدى بىلەن ئادەملەرنىڭ ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتكە بولغان ئەقلىي تونۇشىنى ئۆستۈرۈش؛ ئاندىن قالسا، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ماھىيەتتە خوجايىنلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن ئىبارەت، ئەڭ ئاخىرىدا ھەر خىل شەكىلدىكى مۇكەممەل مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، تۈزۈم جەھەتتىن ئادەملەرنىڭ ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ ئۆسۈشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

## ماۋدۇن بىلەن باجىننىڭ بەدىئىي مەنپەئەت قارىشىدىكى پەرق

يۈەن جېنشىڭنىڭ «تيەنجىن ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: سەنئەت «كىشىلىك ھايات ئۈچۈن» دېگەننى تەشەببۇس قىلىش، سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى تەكىتلەش - ماۋدۇن بىلەن باجىننىڭ ئورتاق قىممەت يۆنىلىشىدۇر. ئەمما، پىسخىك ساپا، ئىجادىيەت مۇددىئاسى ۋە بەدىئىي ئىزلىنىشنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى، ماۋدۇن بىلەن باجىننىڭ ئاشۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان قىممەت قارىشىنىڭ ئارقىسىغا يەنە ئوخشاش بولمىغان قىممەت ئىستىكى ۋە ئىجادىيەت نىشانى يوشۇرۇنغان. بۇ خىل پەرقنىڭ روشەن بىر ئىپادىسى شۇكى، ماۋدۇن سەنئەتنىڭ سىياسىگە تېخىمۇ كۆپ ئارىلىشىشىنى، رېئال كۈرەش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ خىزمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ باجىن بولسا، تۇرمۇش ئۈچۈن يېزىش دېگەننى تەكىتلەيدۇ، شۇڭگىدەك ئىجادىيەتنى تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرىدۇ. ماۋدۇن بىلەن باجىننىڭ ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى خىل قىممەت يۆنىلىشى ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنى ئوخشاش بولمىغان بەدىئىي ئۇسلۇبقا ئىگە قىلغان. ماۋدۇننىڭ ئەسەرلىرى دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ۋە رېئالىزملىق خۇسۇسىيەتكە باي بولۇپ، بەدىئىي قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، ئىجتىمائىي مەزمۇنى چوڭقۇر؛ باجىننىڭ ئەسەرلىرى بولسا، تۇرمۇشقا يېقىن، چىن ۋە يېقىملىق بولۇپ، ھېسسىياتقا باي، ئۇسلۇبى ساددا ۋە تەبىئىي.

بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ماۋدۇن تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. باجىن بولسا، مەنىۋى دۇنيانى پاكلاشتۇرۇشنى نىشان قىلغان.

(يۇقىرىدىكىلەرنى قەيسەر قەييۇم تەرجىمە قىلدى)

## ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئىلمىي تەبىرى

سىچۈەن ئۆلكىلىك يېقىنقى زامان ئوقۇتۇشلۇق تارىخى تەتقىقات جەمئىيىتى، «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزگەن.

مۇھاكىمە يىغىنىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئىلمىي مەنىسى توغرىسىدا تۆت خىل پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان: 1. ۋەتەنپەرۋەرلىك - ۋەتەنگە بولغان ساداقەتمەنلىك ۋە ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش بولۇپ، ئۇ «كۆپ يىللار داۋامىدا تىكلەنگەن، ئۆز ۋەتىنىگە بولغان بىر خىل ئەڭ چوڭقۇر ھېسسىيات». ئۇ بىر خىل تارىخىي كاتېگورىيە، ئوخشىمىغان مەزگىل ۋە تەرەققىيات باسقۇچىدا ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ ئوخشىمايدۇ؛ 2. «ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان بىر خىل ئۇلۇغۋار، چوڭقۇر ھېسسىياتى، ئۆز ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى، گۈللىنىپ روناق تېپىشىغا نىسبەتەن كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ھېسسىياتى ۋە قۇربان بېرىشتىن قورقماي ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تەقدىم قىلىش روھى»؛ 3. ۋەتەننىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى، ئۇنى قوغداشنى، ۋەتەننىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ بۇرچى دەپ قارايدىغان بىر خىل ئىدىيىۋى كۆز قاراش ۋە ھەرىكەت مىزانى؛ 4. ئۇ تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1) ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت؛ 2) شەخس بىلەن دۆلەت، خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق ئەخلاق ئۆلچىمى؛ 3) مۇھىم سىياسىي پرىنسىپ؛ 5) ھەر بىر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشتىكى مەنىۋى تۈۋرۈك.

(سۇلايمان تەرجىمىسى)

## بەدىئىي ئىجادىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ يېڭى چارىسى

ئەدەبىيات ھەۋەسكارى دىلبەر ھەبىبۇللا ماقالا يېزىپ خېلى مۇھىم بىر قاراشنى ئالغا سۈرگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق:

سوتسىيالىستىك بەدىئىي ئىجادىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان بىر مۇنچە ئەدىب - سەنئەتكارلار ئىنسانىيەت تارىخىدا مەدەنىيەت پىرامىدىسى بولۇپ قالغان ئۆلگىلەرنى تىلغا ئالغانلىرىدا، ئۆتكەن زاماننى «جەننەت» تەسۋىرىدە سۈرەتلەش ۋە ئەجدادلار ياراتقان مەدەنىيەت تارىخىي بىلەن ئۆزىنى ئەمەكلەشتىن ئۇلارنىڭ روھىنى مالال قىلمايدىغان يېڭى ئىجادىي روھتا بولۇشنى قەدىرلەيدۇ. ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىدا ئۆتكەن ئاشۇنداق ئۇلۇغلارنى ھازىرقى كۈندە دۇنياغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ، بۇنداق ئىنتىلىش ھەرىكەتچان ئىجادىيەت پاراستىنى قوغلىشىۋاتقان زامانىۋى ئادەملەر ئوبرازىنى ئۆزىمىزدە تۇرغۇزۇشنى ۋە ئاشۇ بۆلۈملىرىمىزدەك ئىنسانىيەتكە يېڭى تۆھپە قوشۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ساغلام يۈزلىنىشتۇر. ھەر قانداق دەۋردە ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى كۆپ خىل ئامىللارغا

باغلىنىدىغان ئۇنىۋېرسال گەۋدە بولۇپ، مەلۇم ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەر پۈتكۈل مىللەتنىڭ خاراكتېرىغا سىڭىپ كەتكەن ئەقىدىردىمۇ دەۋر ئېتىبار بىلەن ئۆزگىرىدۇ، يېڭىلىنىدۇ ۋە ئۈزلۈكسىز تۈردە باشقا مەدەنىيەتلەردىن ئوزۇق ئېلىپ ئۆزىنىڭ ھاياتىي قۇدرىتىنى ئاشۇرۇپ بارىدۇ. شۇڭا، بۇنداق پىسخىك يۈزلىنىشنى ئىجادىيەت قوشۇنىدىكى ساغلام خاسلىقنىڭ ئىپادىلىنىشى، دەپ قاراپ، رېئاللاشتۇرۇشقا كىرىشىش مۇمكىن. ئەمما، ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن شارائىتتا بۇنداق پىسخىك يۈزلىنىشنى قانداق ئىشقا ئاشۇرىمىز؟

مېنىڭچە، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىجادىيەتلىرىدىن ئۈلگە ئېلىش ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئەكس ئەتتۈرۈش ۋاستىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، زامانىمىزنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە ئورتاق بولۇۋاتقان بەزى ئۇسۇلنى ئىگىلەش ئاچقۇچلۇق مەسىلە. بۇنداق ئورتاقلىقنى ئەڭ يىغىنچاقلانغان سۆز بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئىل- ئىلمىيلىككە، ئىلمىي ئىجادىيەتنىڭ بەدىئىيلىككە يۈزلىنىشى، دەپ ئاتاش مۇمكىن. چۈنكى ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت بىلىشىدە بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئىجادىيەتلەر ھەر جەھەتتىن ناھايىتى پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتمىدى. بۇ ئىككى تەرەپ ئاشكارا ھەم يوشۇرۇن ھالدا ئۇنداق ياكى مۇنداق شەكىل بىلەن باغلىنىپ تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ ئۈچىنچى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابىي تارىختىكى باشقا ماددىي تېخنىكا ئىنقىلابلىرىغا قارىغاندا، تېخىمۇ ئومۇمىيلىق ۋە كۈچلۈك سىڭىپ كىرىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى. ئەسلىدە بەدىئىي زوقلىنىش كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسىغا ئېلىپ كەلگەن گۈزەللىكنى ماددىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئايلاندۇرۇۋاتقان بۇ ئىنقىلاب ئىلمىي ئىجادىيەتنىڭ بىر مۇنچە ئۇسۇللىرىنى ئەدەبىيات - سەنئەتكە سىڭدۈرۈپ، ئۇنى دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە تېخىمۇ يېڭى ئۇسۇللار بىلەن تەمىنلەپ، فروبلەينىڭ: «ئالدىمىزغا ماڭغانسېرى بەدىئىيلىك ئىلمىيلىشىپ بارىدۇ، ئىلىممۇ بەدىئىيلىشىپ ماڭىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ مۇنارنىڭ تۈۋىدە ئايرىلغاندەك تۇرىدۇ - يۇ، مۇنارنىڭ ئۇچىغا چىققاندا بىرلىشىپ كېتىدۇ» دېگەن ھۆكمىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا، پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىي ئالدىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىمىز مۇشۇ ئىنقىلاب رېئاللىقىغا سەل قارىماسلىقى، پاسسىپ تۇرماسلىقى، يېڭى تەپەككۇردا بولۇشى كېرەك. يەنى ھازىرقى زامان ئىلىم - پەننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە سىڭدۈرۈۋاتقان يېڭى ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەپ، دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا تىرىشىش كېرەك. مانا بۇ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزدە يېڭىلىق ۋە يېڭى ئادەملەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت پىسخىك يۈزلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ زامانىۋى ۋاستىسىدۇر.

بەدىئىي ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا باش كۆتۈرۈۋاتقان مۇنداق ئىجادىيەت ئىدىيىسى بەدىئىي ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە باھالاپلا قالماستىن، بەلكى بەدىئىي ئىجادىيەت قابىلىيىتىمۇ خۇددى ئادەمنىڭ باشقا ھەرىكەت ۋە قابىلىيەتلىرىگە ئوخشاش ئۆگىنىش ۋە مەشىق ئارقىلىق ئېچىشقا، ئۆستۈرۈشكە، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان ئىجادىي ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بەدىئىي ئىجادىيەت قابىلىيىتى دېگىنىمىز - ئەجدادلار ياراتقان بەدىئىي ۋاستىلەرگە ئەنئەنىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تېخىمۇ ئۆستۈرۈلگەن بەدىئىي ئىجادىيەتتە قابىلىيىتى، بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانىدا ئىجادىي تەپەككۇرنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئىجادىي ئۇسۇللارنى تەدبىقلاش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى زامان ئىرسىيەتشۇناسلىقى، فىزىئولوگىيىسى، پىسخولوگىيىسى جەھەتلەردىكى تەتقىقات ئىپادىلەپ، بەردىكى، كىشىلەرنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەت قابىلىيىتى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت قابىلىيىتىدە بەلگىلىك ئىرسىيەت ئامىللىرى بولىدۇ، ئەمما ئۇلاردا ئانچە زور پەرق بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەت ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت قابىلىيىتى جەھەتتىكى پەرقلەر ئاساسلىقى، كىشىلەرنىڭ كېيىنكى مەدەنىيەت تەربىيىلىنىشى، تۇرمۇش شارائىتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى مەيدانغا كېلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئادەمنىڭ بىلىمى بىلەن تىرىشچانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، بىلىم بىلەن تىرىشچانلىق ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغان بەدىئىي ئىجادىيەت قابىلىيىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مۇنداق بەدىئىي ئىجادىيەت قابىلىيىتى بولمايدىكەن، ھەر قانچە كاتتا بىلىملىك بولۇپ كەتكەن ياكى ھەر قانچە تىرىشچان بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بەدىئىي ئىجادىيەتتە يۇقىرى سەۋىيە يارىتالمايدۇ؛ ئەگەر مۇنداق بولمىسا ئىدى، بىلىمى بارلارنىڭ ھەممىسى سەنئەتكار بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا، بەدىئىي ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئەنە شۇ زامانىۋى ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ۋە ماھارەتلىرىنى ئىگىلەش كېرەك. مانا بۇ ھەم ئىلمىي ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن ئىلھام ئېلىش، ھەم بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ئۆستۈرۈشنىڭ بىر چارىسىدۇر.

## ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ، دېگەن يېڭى ھۆكۈمنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

شىنجاڭ داشۆنىڭ لېكتورى ئابدۇراخمان تۇرۇل بىر ماقالە يېزىپ قەيت قىلىنىۋاتقان سوئالغا بىر قەدەر مۇۋاپىق جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق كۆز قارىشى مۇنداق:

يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆپ يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا «ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ» دېگەن يېڭى ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىلمىي ھۆكۈمنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ھەقىقىي چۈشىنىۋېلىش ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنى تېزلىتىشتە مۆلچەرلىگۈسىز مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مېنىڭچە، بۇ مەسىلىدە ئالدى بىلەن «ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر. بىز ئادەتتە

سۈزلەپ كېلىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچى — كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا تەبىئەتكە تەسىر كۆرسىتىپ ۋە ئۆزگەرتىپ ماددىي نېمەتلەرگە ئېرىشىشكە كەلگەن كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئاساس قىلغان ئەمگەك ۋاستىلىرى، ئەمگەك ئوبيېكتى ھەمدە ماددىي نېمەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمگەكچى - بەلگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىگە ۋە ئەمگەك تېخنىكا ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم بولۇشى لازىم. ئەمگەكچى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا مۇھىم يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ، ئەمگەكچى بولمىسا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئۆلۈك بىر دۆۋە نەرسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ، ئۇ رېئاللىققا ئايلىنالمايدىغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدۇر. شۇڭا، لېنىن: «پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئالدىنقى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى - ئىشچى، ئەمگەكچى» دەپ كۆرسەتكەن («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە، 3 - توم 843 - بەت). شۇڭلاشقا، ئەمگەكچى - ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدىغان ئامىل بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىكى ئۆچ مۇھىم ئامىل ئىچىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل.

بىز ئېيتىۋاتقان «ئىشلەپچىقىرىش كۈچى»نى ئازاد قىلىش ئاساسلىقى، ئەمگەكچىلەرنى ئازاد قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جىسمانىي ئەمگەك ۋە ئەقلىي ئەمگەكچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېلىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازاد بولۇشى ئىككى مەزگىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بىرى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلى، يەنى مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب ئارقىلىق جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ۋە زۇلۇمىغا ئۇچراشتىن ئەمگەكچىلەر ئازادلىققا چىقىپ، كەڭ ئەمگەكچىلەر دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. ئازادلىققا ئېرىشكەن جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاكتىپچانلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى مىسلىسىز جارى قىلىشى ئارقىسىدا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى كۈچ غايەت زور دەرىجىدە ئاشتى. دېمەك، ئىنقىلابنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشقا بولغان رولى ناھايىتى ئېنىق. ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش مەزگىلى. بۇ مەزگىلدە ئىسلاھات ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يەنە بىر قېتىم يېڭى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى كونا تۈزۈلمىدىن، بولۇپمۇ كونا ئىگىلىك تۈزۈلمىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىندى. قىسقىغىنە ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات ئېلىمىز ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە جۇشقۇن ھاياتلىق ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن، ئۆتكەندە بىز يېزىلاردا خەلق كوممۇنىسى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، داشقازان تامىقىنى يەپ، ئەمگەككە قاراپ ھەق ئېلىش پرىنسىپى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادچانلىقى، تەشەببۇسكارلىقى تولۇق جارى قىلىنماي، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئىسلاھات ئارقىلىق بۇ كوممۇنا تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، ئائىلىلەر بويىچە بىرلەشمە مەھسۇلاتنى كۆتۈرىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بىر ئۆتاش ئەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت كۆپ خىل ئىگىلىك تۈزۈمى تىكلىنىپ، 800 مىليون دېھقاننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقى قوزغالدى. شەھەرلەردە بولسا، مۇلۇكچىلىك مەسىلىسىدىكى ئالدىراپ ساپ بولۇشقا ئىنتىلىشتەك «سول» چىل ئىدىيەلەر تۈزىتىلىپ، بىرلا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىن ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ئاساسى گەۋدە قىلىنغان كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبىي بىللە مەۋجۇت بولۇشقا ئۆزگەرتىلدى؛ ماكرو ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىدا، ئىلگىرىكى مەمۇرىي ۋاستە بىلەن بۇيرۇقتىلا تايىنىپ پىلانلاشتىكى بىۋاستە باشقۇرۇشتىن مۇھىم قىلىپ ئىقتىساد، قانۇنىي ۋاستە ھەم زۆرۈر بولغان مەمۇرىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ۋاستىلىق باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى، ئىجتىمائىي تەقسىمات ئۇسۇلىدا، ئىلگىرىكى تەڭ تەقسىماتچىلىق، «چوڭ قازاننىڭ تامىقى» نى يېيىشتىن ئىبارەت تەقسىماتچىلىق ئۇسۇلى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلغان كۆپ خىل تەقسىم قىلىش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىلدى ۋە، باشقىلار، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى ئېنىق ئىسپاتلىدىكى، ئىسلاھات ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى غايەت زور دەرىجىدە ئازاد قىلىپ، كەڭ باشقۇرۇش خادىملىرىنى، تېخنىكا خادىملىرىنى ھەمدە كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى قوزغىدى، شۇڭا، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىكىنى يېڭى بىر باسقۇچقا ئاتلىتىپ، ئېلىمىزنىڭ مالىيەسىدە غايەت زور ئېشىش كۆرۈلدى. دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كۈچى كۆرۈنەرلىك قۇدرەت تاپتى. خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. مانا بۇلار ئىسلاھاتنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرى. لېكىن ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىدە يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇدىغان تۇرغۇنلىغان ئامىللار ساقلانماقتا. بۇلار ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقاچقا، ئۇنى تازىلاش لازىم. ئىسلاھاتنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىشىمىز، ئۇنى سوتسىيالىزمنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈشىمىز لازىم. چۈنكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئۇيغۇن بولغان تەرەپ ۋە ھالقىلار داۋاملىق ئۇيغۇنلىشىپ بارماي، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق رول ئوينايدۇ. بۇنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازاد بولۇشى مەڭگۈلۈك بولمايدۇ. شۇڭا، ئىسلاھاتنى ئۆزلۈكسىز يولغا قويۇش كېرەك. ماتېرىيالىستىك

دىئالېكتىكا بىزگە شۇنى ئۆگىتىدۇكى، زىددىيەت شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى جەريانىغا سىڭگەن بولۇپ، كونا زىددىيەت ھەل بولسا، يەنە يېڭى زىددىيەت پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاب قىلىش ئىدىيىسىدە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئۇلارنى ئۆزئارا تولۇقلاپ تۇرۇش كېرەك. شۇڭا، بىز ھەم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، تېخىمۇ يۈرەكلىك بولۇپ، ئىسلاھاتنى ئىبارەت پارلاۋۇزلۇق كۈچنى زورايتىپ، ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز، ھەم ئىسلاھات جەريانىدا سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى ئورتاق بېيىتىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش يولىدا زور ئىزچىلانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم.

«ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش» «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش» بىلەن ئۆزئارا پەرقلىنىدىغان ئۇقۇم. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ـ ھەم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كونا تۈزۈلمىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازادلىققا چىقىرىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بوشىتىش، ھەم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تولۇق جارى قىلىشقا ئىگە قىلىش ئۈچۈندۇر. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ـ ئەسلىدە بار بولغان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسىدا ئۇنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ۋە ئۆستۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئىسلاھات بولسا، ھەم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ. ھەم ئىشەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلاھات ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ. ئىشەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ئارقىلىق ھەر كىم ئۆز قابىلىيىتىنى كۆرسىتىپ، نەرسىلەرنى ئۆز جايىدا ھەقىقىي ئىشلەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئەسلىدە بار بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرگۈزىدۇ.

ئىسلاھات ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ئارقىلىق، يالغۇز كونا ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كونا ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ ئاسارىتىدىنمۇ ئازاد قىلىدۇ. كونا كۆز قاراشلارنى يېڭىغا ئالماشتۇرمىغاندا، ئىسلاھات يېڭى ئىدىيىۋى ئۇشيەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كونا رامكىلاردىن چىقىشقا ئامالسىز قالىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش كاپىتالىزمنى كىرگۈزۈپ ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، دەيدىغان ئاشۇنداق خاتا قاراشلار؛ پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكىنى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنى ئايرىيدىغان ئۆلچەم، دەيدىغان قاراش؛ سىناق قىلىشقا، ئالغا ئىنتىلىشكە جۈرئەت قىلماي ئاشۇنداق كونا قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئىسلۇبلىدىغان قاراشلار؛ «سول» ئۇسۇل مەسلىسى، ئوڭ ـ مەيدان مەسلىسى دەيدىغان ئاشۇنداق مۇجمەل قاراشلار ... نىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بوغۇدىغان خاتا ياكى كونا قاراشلاردۇر. شۇڭلاشقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كونا ئىدىيىنى يېڭىغا ئالماشتۇرۇپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش كېرەك. ئىدىيە ئازاد بولمىغاندا، ئالدىغا قاراپ يۈرۈيدىن، كەينىگە قاراپ يولۋاستىن قورقىدىغان بولۇپ قېلىپ، ئىسلاھاتتا دادىل قەدەم تاشلىغلى بولمايدۇ، خالاس.

## بالىلارنىڭ يوشۇرۇن تالانتىنى قانداق يېتىشتۈرۈش كېرەك؟

ئۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەر مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ئوتتۇراھال كۆزگە كۆرۈنگەن ئەمەس ئىدى. ئېينىشتېين بۇنىڭ بىر مىسالى. چېرچىلمۇ بۇنىڭ بىر مىسالى. كۆزگە كۆرۈنگەن 400 شەخس ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆگىنىشكە قىزىقىسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمىنىڭ مەكتەپتىكى نەتىجىسىنىڭ ئوتتۇرا ئىكەنلىكى بايقالدى. ھالبۇكى، ئۇلارغا ئىلھام بېرىلسە، ئۇلارنى ھېچنەرسە توسىيالمايدۇ.

ج. فىلمان ئوقۇتقۇچى بولۇپ، پسىخولوگىيە ئالىمى، ھازىر ياۋروپا ئىقتىدارلىقلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى، ئۇ بىر كىتابىدا ئاتا ـ ئانىلارغا ئائىلىنى قانداق قىلىپ ئۆگىنىش مەركىزىگە ئايلاندۇرۇشنى، بۇنىڭ بالىلارغا مۇشۇنداق مۇھىتتا ئۆگىنىشنىڭ بىر خىل قىزىقارلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

فىلمان كىتابىدا بەزى سەممىي ئەمەلىي ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بەرگەن.

مەسىلەن، بالىلار كۆپرەك سوراشنى ياخشى كۆرىدىغان «نېمىشقا» دېگەن سوئالغا قانداق جاۋاب بېرىش قاتارلىقلار. ئۇ مۇنداق دېگەن: ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ «نېمىشقا» دېگەن سوئالغا بالىنى يېشى ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن شەخسىي ھېسسىياتنى قوشماي جاۋاب بېرىشى لازىم. بۇنداق قىلىش بالىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشتا ئۆزىنىڭ تار دائىرىسىدىن چىقىشىغا پايدىلىق.

ئۈچ ياشلىق بالا: «نېمىشقا ھازىر سائەت ئۈچ بولىدۇ؟» دەپ سورىسا، سىز ئۇنىڭغا: «چۈنكى چېيىڭىز تەييار بولدى» دەپ جاۋاب بەرسىڭىز، بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا: «بىز تاماق يېگەندە سائەت بىر بولغان ئىدى. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن ماگىزىنغا باردۇق. سائەت بىردىن ئىككىگە كەلدى. كېيىن ئۈچكە كەلدى. ھازىر ئۈچكە كەلدى. چاي ئىچىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى» دەپ جاۋاب بېرىش ياخشىراق.

(ئابلىز ئوسمان تەرجىمىسى)

# ھاللىق سەۋىيىنىڭ مەنىسى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى نىمە؟

خۇاڭ يۈەنسەي، ۋېي يۈيگو قاتارلىق ئالىملار

بۇ ھەقتىكى ئاساسىي قاراش ۋە قىسمەن جايلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى يىغىنچاقلاپ تۆۋەندىكىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بىرىنچى، ھاللىق سەۋىيىنىڭ مەنىسى. بىر مۇنچە مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ ھاللىق سەۋىيە نىشانىغا بەرگەن كونكرېت تەبىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق، ھاللىق سەۋىيىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى ھەققىدىكى تۇقۇم ۋە ئومۇمىيۈزلۈك، ئومۇمىيسال كۆرسەتكۈچ ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قاراش ئاساسەن بىرلىككە كەلدى. 1) ھاللىق سەۋىيە ئىقتىسادىي ئۇقۇم، ئۇ كىشىلەرنىڭ كىيىمى يېمەك، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل بولغان ئاساستا، ئىقتىساد يەنىمۇ تەرەققىي قىلغان، تۇرمۇش يەنىمۇ ياخشىلانغان، چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى ئومۇملىشىپ، ئۆي ئىشلىرى يەڭگىللەشكەن دەم ئېلىش ۋاقتى كۆپەيگەن، ئولتۇراق ئۆي شارائىتى، كىشىلەرنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ياخشىلانغان، ئەقلى قابىلىيەتنى ئېچىشقا ئىشلەتكەن مەدەنىيەت سەرپىياتى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارغان ھالەتنى كۆرسىتىدۇ؛ 2) ھاللىق سەۋىيە ئوخشاشلا يەنە سىياسىي ئۇقۇم. ئۇ دۆلەت سىياسىتىنىڭ توغرا، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، خەلق ئىناق، ئىتتىپاق بولۇپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ 3) ھاللىق سەۋىيە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۇقۇمى. ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەت (مەلۇم رايون)نىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنىڭ بەلگىلىك بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش - زامانىۋىلاشقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنى ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش ستراتېگىيىسىنىڭ ئىككىنچى قەدىمى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى تېخىمۇ مول قىلىش، ئىستېمال قۇرۇلمىنى تەدرىجىي مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، ئولتۇراق ئۆي شارائىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاش، مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشنى يەنىمۇ بېيىتىش، تەن ساقلىقنى داۋاملىق ياخشىلاش، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت؛ 4) ھاللىق سەۋىيە يەنە تارىخىي ئۇقۇم. ئۇ سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت تارىخىي شارائىتتىكى ھاللىق سەۋىيە بولۇپ، چەت ئەلنىڭ ئوخشاش تۈردىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىدىن پەرقلىنىپلا قالماي، يەنە ئېلىمىز تارىخىدىكى ئەنەنىۋى تۇرمۇش ھالىتىگىمۇ ئوخشىمايدۇ.

دېمەك، بىز يەتمەكچى بولغان ھاللىق سەۋىيە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك بەلگىسى، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان مول مەزمۇنلۇق ئومۇميۈزلۈك ئۇقۇم، شۇنداقلا ئائىلىنى ئاساس، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى مەركەز، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرىدىغان سىستېمىلىق قۇرۇلۇش.

ئىككىنچى، يېزىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. بىر مۇنچە مۇتەخەسسىس، ئالىملار ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتە ئائىلە ئاساس، يېزىلار ئاچقۇچ دەپ ھېسابلىماقتا. يېزىلارنىڭ ھاللىق سەۋىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى توغرىسىدا بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەكۈنى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. ئۇلار مۇنداق دەپ ھېسابلىغان: مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 800 دوللاردىن توغرا كەلگەندىن سىرت تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك: 1) يېزىلاردىكى ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئۆسكۈنە ۋە ئاساسىي ئەسلىھەلىرى بىر قەدەر زامانىۋىلاشقان بولۇش، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن بولۇش؛ 2) كەسىپ قۇرۇلمىسى خېلى ياخشىلانغان، يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا كەسىپلەرگە يۆزلەنگەن، يېزا سانائىتى داۋاملىق راۋاجلانغان، ئۈچىنچى كەسىپنىڭ سالمىقى ئاشقان بولۇش؛ 3) ھەر كىشى ئوتتۇرىچە ياراتقان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاشقان ئاساستا، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر بىر قەدەر بېيىغان، ئورتاق بېيىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇش؛ 4) دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئېشىپ، ئىستېمال قۇرۇلمىسى ئىچىدە يېمەك - ئىچمەكتىن باشقا قىلغان ئىستېمال نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئاشقان بولۇش؛ 5) يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە، پاراۋانلىق ئىشلىرى قۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن ماس قەدەمدە راۋاجلانغان، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلاش تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان، ئەمگەكچىلەرنىڭ مەدەنىيەت سۈپىتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسكەن بولۇش؛ 6) يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي نورمىلاشتۇرۇشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان، كەنت - بازار قۇرۇلۇشى ۋە كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش ئەھۋالى ھاللىق سەۋىيە ئۆلچىمىگە يەتكەن بولۇش لازىم.

(مۇساجان روزى تەرجىمىسى)

## ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ بىردەكلىكى

كاندىدات ئالىي مۇھەررىر مۇھەممەت ھەسەن

ماقال يېزىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ئېلىمىز شارائىتىدە سوتسىيالىزمنىڭ بىردەكلىكىنى بىر قەدەر ئوبيېكتىپ يورۇتۇپ بەرگەن

ئۇنىڭ ماقالىسىدىكى ئاساسىي مەزمۇن مۇنداق: ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ئىز ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىدىن ئىبارەت. بۇ، مۇھەببەت ئوخشاش بولمىغان دۆلەت، ئوخشاش بولمىغان مىللەت كىشىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇلۇۋاتقان تارىخىي شارائىتى، دۇنياغا ۋە كىشىلىك تۇرمۇشىغا بولغان قارىشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈشكە ئۈندەيدىغان ئۇلۇغ بايراق، ئۇلۇغ مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ، ئۇنىڭ ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىدىكى مۇھىم ئىپادىسى — ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ بىردەكلىكىنى توغرا تونۇۋېلىشتىن ئىبارەت. باش شۇجى جياڭ زېمىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇستەقىل — ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش فاڭجىنىدا چىڭ تۇرۇش - جۇڭگو ئىنقىلابىدا، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا غەلىبە قىلىشتىكى تۈپ تەجرىبە. ھازىر جۇڭگودا ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن سوتسىيالىزم ماھىيەتتە بىر نەرسە. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدايدىغان، جۇڭگونىڭ گۈللەپ - ياشنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى سادىق سوتسىيالىزمچى ياكى سوتسىيالىزمنىڭ ئىشەنچلىك دوستى بولالايدۇ. بۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ ئىلمىي ھالدا شەرھىيلىنىشى، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئىخچام ۋە مەغىزلىق ھالدا ئومۇملاشتۇرۇلۇشىدۇر. دېمەك، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىگە سىڭدۈرۈش - نۆۋەتتە ئېلىمىز خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ ئەڭ يېڭى ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ بىردەكلىكى ئاساسەن مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1. ۋەتەنپەرۋەرلىك — سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي. دۆلىتىمىزدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق زور كۆپچىلىك كىشىلەر ۋەتىنىنى سۆيىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ كۈچىيىشىنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ روناق تېپىشىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. مانا بۇلار سوتسىيالىزم يۈز مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلۇغ ئىشى بولۇپ، بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادكارلىقى، ئاكتىپچانلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە. ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندىلا، خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ زور ئىتتىپاقلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئېلىمىزدە ۋەتەنپەرۋەرلەر سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، يەنە تەيۋەن، شياڭگاڭ ، ئاۋمېنلاردىكى قېرىنداشلارنىمۇ، چەت ئەللەردىكى مۇھاجىرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغانلىرىمۇ، ھىمايە قىلمايدىغانلىرىمۇ بار، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ۋە ھېسساتى بولۇپ، ئۇلار ۋەتەننىڭ گۈللەنگەنلىكى ۋە قۇدرەت تاپقانلىقىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ۋەتەننىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ماددىي ياكى مەنىۋى جەھەتلەردىن تۆھپىمۇ قوشتى ۋە قوشماقتا. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ۋەتەننىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە پايدىلىقلا ئىش بولىدىكەن، ئۇ مۇقەررەر ھالدا سوتسىيالىزم ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ. شۇڭا، بىز بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، بارلىق سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرنىڭ، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەر ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ئەڭ كەڭ بىرلىكسىپىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملىشىمىز ۋە كۈچەيتىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىمىز پۇختا ئاساسقا ئىگە بولىدۇ.

2. ۋەتەنپەرۋەرلىك — سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشنىڭ كۆۋرۈكى. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگونىڭ گۈللەپ ياشنىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەر باشتىن - ئاخىر ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرىدىغانلا بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە ئەمەلىيىتىدىن ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ھەقىقەتنى تونۇۋالىدۇ، ھەتتا سادىق سوتسىيالىزمچىغا ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ھەقىقىي دوستلىرىغا ئايلىنىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىشقا، ئەڭ ئاخىرىدا سوتسىيالىزم بىلەن بىۋاستە شۇغۇللىنىشقا يېتىپ بارىدىغان، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز دېموكراتىك زاتلار مېڭىپ ئۆز ئەمەلىيىتىدە توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان بۇ يول بارلىق ۋەتەنپەرۋەرلەر ھازىر مېڭىۋاتقان ۋە داۋاملىق ماڭىدىغان يولدۇر.

جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇساپىسىدىن قارايدىغان بولساق، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگونىڭ قاياققا مېڭىش مەسىلىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئالدىغا كەسكىن ھالدا قويۇلدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز دېموكراتىك زاتلار كاپىتالىزم يولىغا مېڭىش خام خىيالىنى تاشلاپ، پارتىيىمىزنىڭ بيۇروكرات كاپىتالىنى مۇسادىرە قىلىشىنى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى قوللاپ، سوتسىيالىزم يولىغا ماڭدى، شۇنداق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى تارىخىي ئېقىمنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇردى. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، كوممۇنىست پارتىيە يېتەكچىلىكىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشنىڭ ياخشى كۆۋرۈكى.

3. ۋەتەنپەرۋەرلىك - سوتسىيالىزمنىڭ كاپالىتى. يولداش جياڭ زېمىن: «جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھى - سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى قۇدرەتلىك كۈچ» دەپ كۆرسەتتى. سوتسىيالىزم مۇقەررەر ھالدا

كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى ئالدى. لېكىن، بۇ مۇقەررەرلىك ئەگرى - توقايلىقلا ھامىلدار. بىزگە مەلۇمكى، دۇنيا تارىخىدا ھەر قېتىمقى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشى ئەگرى - توقاي، مۇرەككەپ كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرمەي قالمىغان، ھەر بىر يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈم پىشماسلىقتىن پىشىپ يېتىلىشتەك تەرەققىيات جەريانىدىن ئۆتمەي قالمىغان. سوتسىيالىزم ئەڭ يېڭى تۈزۈم، ئەڭ يېڭى شەيئىي، ھەر قانداق يېڭى شەيئىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى تېخىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ، شۇنداق بولغانىكەن، سوتسىيالىزمنىڭ پىشىپ يېتىلىشى، ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ئۇزاق تارىخىي جەريان كېرەك بولىدۇ. لېنىن مۇنداق دېگەنىدى: «بۇنداق يېڭىلىكى، تولۇغ ۋە مۇشەققەتلىك ئىشتات، كەمچىلىك، خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. كىمكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى قىيىنچىلىقلاردىن قورقسا، كىمكى بۇ قىيىنچىلىقلارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتسە، كىمكى بۇ قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئۈمىدسىزلىنىپ ياكى ئالاقزادە بولۇپ تەمترەپ قالسا، ئۇ سوتسىيالىزمچى ئەمەس» («لېنىن ئاللانما ئەسەرلىرى» 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 176 - بەت)، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئۆزى ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىدىغان ۋە مۇكەممەللىشىدىغان تۈزۈم. ئۇ، ئەگرى - توقايلىقلار ۋە قىيىنچىلىقلار ئىچىدىن يول تېپىپ، ھامان ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرىدۇ. شۇڭا، بارلىق جۇڭگو پۇقرالىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز ۋەتىنىنى، ئۆز مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا سوتسىيالىزمنىڭ ئۈگۈشلۈق راۋاجلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

دېمەك، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن سوتسىيالىزم بىردەكلىككە ئىگە ئىكەن، ئۇ ھالدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن، ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش بىلەن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن، ئىقتىسادىي مۇھىتنى تۈزەش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ياخشىلاش بىلەن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى ۋە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىش لازىم.

ئەقىل - پاراسەتنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ياپونىيە قاتارلىق ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ رىقابەت داۋامىدا ھايات كەچۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ ئەقىل - پاراسەتكە ئائىت كلاسسىك ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشنى باشلىۋەتتى. جۇڭگونىڭ بۇ ھەقتىكى كلاسسىك ئەسەرلىرى نېمە ئۈچۈن شۇنچە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە؟ بىز كىتابخانلارنى پايدىلىنىشى ئۈچۈن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق يازغۇچى فېڭ مېڭلۇڭنىڭ «ئەقىل كۆرسەتكۈچى» دېگەن كىتابىدىن بەزى ئابزاسلارنى تاللاپ تەرجىمە قىلدۇق.

— تەھرىردىن

1. شىختىساسلىقلار توغرىسىدا

1) كۆكرىنىڭ ئادەمنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقى

كۇڭ زى ماۋرىنتىلىرىنى باشلاپ بەگلىكلەرنى ئايلىنىپتۇ. بىر قېتىم ئۇنىڭ ئېتى قېچىپ كېتىپ، بىر دېھقاننىڭ زىرائىتىنى يەپ قويغانىكەن، ھېلىقى دېھقان ناھايىتى غەزەپلىنىپ ئاتنى تۇتۇۋاپتۇ. كۆكرىنىڭ ئوقۇغۇچىسى زى گۇڭ بېرىپ دېھقانغا يالۋۇرۇپ، تۈرلۈك ياخشى گەپلەرنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاتنى قايتۇرۇۋالالماپتۇ. كۆكرى خۇرسەنلىگان ھالدا: «باشقىلار چۈشەنمەيدىغان سۆز بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلىمەن دېيىش گويا ناھايىتى زور بەدەل تۆلەپ خانغا بىرتۇقۇچ ھايۋان تارتۇق قىلغانغا، ئەڭ ئېسىل مۇزىكا — «تۇققۇز نەرمە» ئارقىلىق ئۇچار قۇشلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلماقچى بولغانغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېھقاننىڭ يېنىغا ئات باققۇچىنى ئەۋەتىپتۇ. ئات باققۇچى ھېلىقى دېھقانغا: «سىنىڭ شەرقتە تېرىقچىلىق قىلىۋاتقىنىڭ، مېنىڭ غەربتە ساياھەت قىلىۋاتقىنىم يوق، بىز بىر يەردە بولغاندىكىن، مېنىڭ ئېتىم قانداقمۇ سىنىڭ زىرائىتىڭگە تەگمىسۇن؟» دەپتۇ. دېھقان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئاتنى يېشىپ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

2) لۇيجيەنىڭ ئىشنى ئۆز لايىقىدا بېجىرگەنلىكى

سۇڭ رىنزۇڭ كېسەل بولۇپ قېلىپ ئۇزۇنغىچە ساقىيالمىغاچقا، ئوردىغا كىرىپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرەلمەپتۇ. بىر كۈنى، ئۇنىڭ كېسىلى بىر ئاز ياخشى بولۇپ قالغاچقا، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان ۋەزىرلەر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپتۇ - دە، ئۆز قەسرىسىدە ئولتۇرۇپ، زوراغالىق ۋازارىتى، زوراغالىق مەھكىمىسىدىكى ئىككى قەلەمدار، ئەمەلدار ۋەزىرنى ئوردىغا جىددىي چاقىرىپتۇ. لۇيجيەن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ۋاقىتنى بىر ئاز ئۆتكۈزۈپ ئاندىن ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ، زوراغا ۋەزىرى ئۇنى تېزراق مېڭىشقا ئۈندەپتۇ، لېكىن لۇيجيەن ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەك قەدىمىنى ئاستا ئېلىپ مېڭىپتۇ. سۇڭ رىنزۇڭ ئۇلارنى كۆرۈپلا: «مەن ئاغرىپ قالغىلى خېلى ئۇزۇن بولدى، بۈگۈن بىر ئاز ياخشى بولۇپ قېلىپ، سىلەر بىلەن كۆرۈشۈشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلغان ئىدىم، سەن نېمىشقا شۇنچە كېچىكىپ كېلىسەن» دەپتۇ. لۇ يىجيەن تەمكىن ھالدا خانغا مەلۇم قىلىپ. «ئالىيلىرى كېسەل بولۇپ قېلىپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىۋاسىتە باشقۇرالمايۋاتىدىلا، بۇنىڭدىن ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەر تولىمۇ ئەندىشە قىلماقتا. ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىرلەرنى چاقىرتقانلىقلىرىنى ئاڭلاپلا، ئالدىراپ - تېنەپ ئوردىغا قاراپ چاپساق، كىشىلەر بىرەر يامان ئىش بولغان ئوخشايدۇ دەپ خاتا چۈشىنىپ قېلىپ، زۆرۈر بولمىغان ئالاقزادىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى» دەپتۇ. سۇڭ رىنزۇڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خانغا ياردەملىشىپ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئەتراپلىق ئويلايدىغانلىقىنى، ئىشنى ئۆز لايىقىدا

بىجىرەلمىگەنلىكىنى ھېس قىپتۇ.

3) ساۋبىننىڭ ھۆكۈمەت نامىنى سەۋەپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتمىغانلىقى

ئەينى چاغدا، سۇڭ ئاقساقال جۇشىزۇڭنىڭ قول ئاستىدا جەنيۈەن ئايمىقىدا قۇرۇلۇش ئوردا ئالدىدا تەكشۈرگۈچى بولغانىكەن. ساۋبىن جۇشىزۇڭنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ، ئوردىدىكى چاي ۋە مەيلەرنى مەخسۇس باشقۇراتتىكەن. سۇڭ ئاقساقال ئۇنىڭدىن مەي ئېلىپ ئىچمەكچى بولغانىكەن، ساۋبىن: «بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھارىقى، باشقىلارغا كەلسە - كەلمەس بەرگىلى بولمايدۇ، ئۆزەڭ ئېرىپ سېتىۋېلىپ ئىچكىن» دەپتۇ. سۇڭ ئاقساقال پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ۋەزىرلىرىگە: «جۇشىزۇڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلار ئىچىدە ئۆز غوجىسىنى ئالدىمىغانلاردىن پەقەت ساۋبىنلا بار» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى بىلىپ مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلەپتۇ.

## 2. يىراقنى كۆرەرلىك توغرىسىدا

1) ئوردا مۇنتۇرنىڭ ياخشىنى مەلۇم قىلمىغانلىقى

سۇڭ جىنزۇڭ ۋاقتىدا، ئوردا مۇنتۇرى چېن شۇ ئۈچ مەھكىمە باشلىقى بولغاچقا، خانلىقنىڭ پۈتكۈل مالىيە ھوقۇقى شۇنىڭ قولىدا ئىكەن. سۇڭ جىنزۇڭ ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ئىسكىلاتتىكى پۇل، ئاشلىقنىڭ سانىنى ئېلىپ ئۆزىگە مەلۇم قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. چېن شۇ شۇ زامات ماقۇل بوپتۇ. لېكىن بۇ نەرسىلەرنىڭ سانىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلماپتۇ. بۇ ئىشنى ئۆزۈلمىچە كەينىگە سۈرۈپتۇ. سۇڭ جىنزۇڭ ئۇنى بىر نەچچە قېتىم سۈيلىگەن بولسىمۇ، چېن شۇ باشتىن ئاخىرى يۇقىرىغا مەلۇم قىلماپتۇ. سۇڭ جىنزۇڭ ۋەزىرلەرنى ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىشقا ئەۋەتكەن ئىكەن. چېن شۇ جاۋاب بېرىپ: «خان ئالىيلىرى تېخى ياش، ئەگەر ئۇ ئىسكىلاتتىكى بايلىقنىڭ بۇنداق موللۇقىنى بىلسە، كەيپ - ساپاغا بېرىلىش نىيىتىدە بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىمەن» دەپتۇ.

2) ياڭ رۇڭنىڭ دانىشمەنلەرنى تونۇشتۇرۇشى

مىڭ يىڭزۇڭ ۋاقتىدا، ئەمەلدار ۋاڭ جىن ھوقۇق تۇتقان ئىكەن. ئۇ سۇڭ رېنزۇڭ ۋاقتىدىكى مۇنتەۋەر ياڭ شىجى، ياڭ رۇڭ، ياڭ پۇ ئۈچەيلەنگە. «ھەر قايسىڭلارنىڭ بولغانلىقىدىن ئوردىنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرى ياخشى بىجىرىلدى. سىلەر ياشىنىپ قالغان بولساڭلارمۇ بېرىلىپ ئىشلەۋاتىسىلەر. بۇندىن كېيىن قانداق قىلىشاق بولار؟!» دەپتۇ. ياڭ شىجى: «دۆلەتكە ياخشىلىق قايتۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈمىزنى ۋە پۈتۈن ھاياتىمىزنى ئايىماسلىققا ھەقلىقمىز» دەپتۇ. ياڭ رۇڭ بولسا: «شىجى ئەپەندى، بۇنداق دېمەك بولمايدۇ، بىز ياشىنىپ قالدۇق، يەنە ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مادارىمىز قالمىدى. خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بەزى باشلارنى ئورنىمىزنى بېسىپ ئىشلەشكە كۆرسىتىپ، خاننىڭ مېھرى - شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك!» دەپتۇ. ۋاڭ جىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، ياڭ رۇڭ ساۋدىڭ، مياۋجۇڭ، چېن شۈن، گاۋگۇ قاتارلىق كىشىلەرنى تونۇشتۇرۇپتۇ. بۇ كىشىلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈستۈرۈلۈپ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلىپتۇ، ئۇلارمۇ ئۈچ ئاقساقالنىڭ ئورنىنى بېسىپ ياخشى ئىشلەپتۇ. ياڭ شىجى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياڭ رۇڭنىڭ ئەينى چاغدىكى ھېلىقى گېپى بىلەن شۇنداق بولغان» دېسە، ياڭ رۇڭ: «بىز بىردەك ئىتىپاقلىشىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئىشلىشىمىز لازىم» دەيدىكەن.

(ئالىم ئەسمەتۇللا تەرجىمىسى)

# ئاپتونوم رايونلۇق كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى جانلىق ئېلىپ بېرىلماقتا

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان جەمئىيەت ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتتى. ئۇلارنىڭ بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئاچقان 4 - قېتىملىق يىللىق يىغىنى ۋە كارخانىلاردا ئۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنى تېخىمۇ دادىل چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېڭى لاھىيە ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقانلىقى ئەنە شۇ ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ يىغىنچاق كۆرۈنۈشلىرىدۇر.

ئۇلارنىڭ يىللىق يىغىندا ئاساسلىقى يولداش دىڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبىي جۇڭگونى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدىكى مۇھىم سۆزىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، ئۆتكەن يىلدىن بۇ چاققىچە بۇ جەمئىيەتنىڭ كارخانىلار ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىنى، مەسىلەن، تېخنىكا ئىختىرالىرىنى تېزلىكتە ئۆزلەشتۈرۈش، تېخنىكا ۋە ئىقتىساد ئۇچۇرلىرىنى ئالماشتۇرۇش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، كارخانا باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش، رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا تېخنىك ئالماشتۇرۇش قاتارلىقلار بەكۈنلىنىپ، بۇندىن كېيىن بۇ جەھەتتە تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش پىلانلىرى تۈزۈلدى. يىغىن جانلىق، روھلۇق، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن

ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋە بىرلەشمىمىزنىڭ رەئىسى يولداش فېڭ داچىڭ، پارتگورۇپپا شۇجىسى دىڭ كى، مۇئاۋىن رەئىس تۇرسۇن سادىقلار قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىلمى جەمئىيىتى قاتارلىق 14 ئورۇن ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 140 كارخانىنىڭ دىرېكتور، زاۋۇت باشلىقلىرى بۇ يىغىنغا قاتناشتى.

بۇ جەمئىيەتنىڭ بۇ يىلقى پائالىيىتىدە گەۋدىلىك يەر شۇ بولدىكى، ئۇلار ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە يېقىندىن تايىنىپ ۋە ماسلىشىپ، ئۈرۈمچى تراكتور زاۋۇتى ۋە بىر نەچچە يېمەك - ئىچمەكلەرگە ئىش قوشۇش زاۋۇتىنى ئۈلگە قىلغان ھالدا زاۋۇتلار ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەققىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يېڭى مەسىلەرنى ھەل قىلىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش ھەققىدە زاۋۇت - كارخانىلارنىڭ رېئال ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان تەكلىپ ۋە لاھىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماستىن، بىرلەشمىمىزنىڭ رەھبەرلىكى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە سىياسەت، تەدبىر بەلگىلەش ئۈچۈن مۇۋاپىق تەكلىپ لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى تەتقىقات ۋە تەشۋىقات پائالىيىتىنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بارماقتا

مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش، قېزىش، قوغدىلىش جەھەتتە مول مەزمۇنلۇق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن قاتلاملىرىدىكى جامائەتنىڭ ئالقىشىغا ئۇچراپ كەلدى. بولۇپمۇ بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، بۇ جەمئىيەت رەھبەرلىك ئالدىدا ناھايىتى ئەشەددىيۇسكار، تەلەپچان، ئۆز ئەزالىرىنى تەشكىللەپ ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە تەدبىرلىك بولۇپ، مۇقامنىڭ بۇ يىل 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا يەكەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك تەتقىقات يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش، «12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى فوندى جەمئىيىتى» نى تەشكىللەپ ئىشقا كىرىشتۈرۈش، يېقىن، ئوتتۇرا ۋە كەلگۈسى تەتقىقات پىلانلىرىنى تۈزۈپ، تەتقىقاتنى پىلانلىق قانات يايدۇرۇش جەھەتتە كارامەت غەيرەت كۆرسەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، فوندى جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي مۇدىرى قەيۇم باقى قاتارلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەھبەرلىرى بۇ ئىشقا سەمىمىي غەمخورلۇق قىلدى ۋە كۆڭۈل قويۇپ يېتەكچىلىك قىلدى. بىرلەشمىمىزنىڭ رەھبەرلىرىدىن رەئىس فېڭ داچىڭ، مۇئاۋىن رەئىس دىڭ لى، تۇرسۇن سادىق، ئۇربېك، جاۋ خۇڭجياۋ قاتارلىق ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ پائالىيىتىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش يۈزىسىدىن سۆز قىلدى، يىغىنلارغا قاتناشتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى. بۇنداق جانلىق پائالىيەت خەلقىمى پارلاق مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن مىراسلىرى ھېسابلانغان 12 مۇقامنى ئېچىپ چوڭقۇرلاپ قېزىش، رەتلەش، سەھنىلەشتۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرنى ھەققانىيەت، پاك مۇھەببەت، گۈزەل ئەخلاق، ئالىيجاناب خىسلەتكە يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى جانلاندۇرۇشتا ناھايىتى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 87. مىللىي ئارمىيە قانداق قۇرۇلدى ۋە شىمالىي، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي لىنىيىدە ھۇجۇمغا ئۆتتى؟

1945 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئىلى رايونىدىكى پۈتۈن قوراللىق كۈچ 25 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇن ۋە 1800 نەپەر پارتىزاندىن ئىبارەت ئىدى. 1945 - يىلى 3 - ئايدا، مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابى، سىياسىي بۆلۈمى، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى قۇرۇلدى. 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مىللىي ئارمىيە رەسمىي قۇرۇلدى، مىللىي ئارمىيە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا ئۈچ لىنىيە بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى ئۈزىنىڭ مەركىزى ۋەزىپىسى قىلدى. شىمالىي لىنىيىنىڭ ۋەزىپىسى تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىش؛ ئوتتۇرا لىنىيىنىڭ ۋەزىپىسى جىڭ ۋە شىخوغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىنقىلابنى ئۆلكە مەركىزىي ئۈرۈمچىگە سىلجىتىش؛ جەنۇبىي لىنىيىنىڭ ۋەزىپىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرگە ماسلىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى

ئازاد قىلىش ھەمدە شىمالىي ۋە ئوتتۇرا لىنىيەلەرنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىدى.

شىمالىي لىنىيىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق بولدى: 1945 ـ يىل 7 ـ ئايدىن باشلاپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى پارتىزانلار ئەترىتى ناھايىتى جانلىنىپ كەتتى. 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر تارمىقى پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن دۆربىلجىنغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ، تۆت سائەتچە ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق شەھەر سېپىلىنى پارتىلىتىپ ئېچىپ، دۆربىلجىننى ئىشغال قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيە بىلەن پارتىزانلار ئەترىتى چۆچەك شەھىرىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىغا يېتىپ كەلدى. ۋالىي پىڭ رۇڭ پانالىنىش ئۈچۈن 14 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر ۋە پۇقرانى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالدى، چۆچەك ئازاد بولدى. 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، مىلىلىي ئارمىيە ۋە پارتىزانلار ئەترىتى يەنە قوبۇقسار ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئالتايغا غەرب تەرەپتىن ئۆتىدىغان دەرۋازىنى ئاچتى. بۇنىڭ ئالدىدا، دەللىقاننىڭ پارتىزانلار ئەترىتى ئالتاي ناھىيىسىگە كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولۇپ، شەھەرنى ساقلاۋاتقان ئالتاي ۋالىيسى گاۋبويۇ ۋە 46 ـ دىۋىزىيىنىڭ كومىدىۋىزىيىسى ۋەن لىگيون ئۈرۈمچىگە قايتا ـ قايتا جىددىي مۇراجەت قىلغانىدى. 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيە ۋە جېمنەي پارتىزانلار ئەترىتى قوبۇقسارنى ئالغاندىن كېيىن، يەنە قابا ناھىيىسىنى ئالدى، 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، يەنە بورچىن ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىپ، دەللىقاننىڭ پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئالتاي ناھىيىسىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. گاۋ بويۇ ۋە ۋەن لىيۇنلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ماغدۇرى يەتمەي، ئائىلاج قوشۇننى باشلاپ، تۇماندىن پايدىلىنىپ ئاشقى موڭغۇلىيە يۆنىلىشىگە قاراپ چېكىندى. 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، 152 نەپەر ئوفىتسېر ۋە 1684 ئەسكىرى بار بۇ قوشۇن گاۋ بويۇ ۋە ۋەن لىيۇنلەر بىلەن بىللە تولۇق ئەسىرگە چۈشتى. 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيە پارتىزانلار بىلەن بىرلىكتە ئالتاي ناھىيىسىنى ئىشغال قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ئالتاي ۋىلايىتى پۈتۈنلەي ئازاد بولدى.

ئوتتۇرا لىنىيىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق بولدى. 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيە ۋە ھەر قايسى يول پارتىزانلار ئەترىتى شىخوغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى. تاڭ سەھەردىن تۈن كېچىگىچە، ئون دانە ئېغىر زەمبىرەك ۋە ئىككى ئايروپىلان بىلەن شىخونىڭ شىمالىي ياقىسىنى شىددەتلىك بومباردىمان قىلىپ، مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ قەۋەت مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتتى، دۈشمەننىڭ 5000 كىشىلىك خىل قوشۇنى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى؛ قالدۇق قىسمى شۇ كېچىسى ئىچكى مۇداپىئە پوزىتسىيىگە يۆتكەلدى. 6 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيە يەنە ئېغىر زەمبىرەك بىلەن شەھەرنى توپقا تۇتتى، شەھەر ئىچى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. 7 ـ كۈنى ئاخشىمى، مىللىي ئارمىيە شەھەر مەركىزىدىكى ئىستىھكامنى ئىشغال قىلىپ، مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان قوشۇننىڭ كۆپ قىسمىنى يوقاتتى. 8 ـ كۈنى، شىخو تولۇق ئازاد بولدى. مىللىي ئارمىيە بىلەن پارتىزانلار ئەترىتى شىخوغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە جىڭغا ھۇجۇم قىلدى. جىڭدا 45 ـ دىۋىزىيىنىڭ كومىدىزىيىسى گوجى (گېنېرال مايور) ئالدىنقى سەپنىڭ باش قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالغان، 7000 كىشىلىك قوشۇنى بار ئىدى، لېكىن ئۇلار مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قېتىملىق زەربىسىگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى. 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، مۇھاپىزەتچى قوشۇن بەرداشلىق بېرەلمەي، شىخو تاشيولىنى بويلاپ شەرققە چېكىنىپ، جېننى ئېلىپ قاچتى؛ گوجى ئەسىرگە چۈشتى. جەڭ ئۇرۇشىدا، مىللىي ئارمىيە گومىنداڭنىڭ 3000 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر ـ جەڭچىسىنى ئەسىرگە ئالدى، 12 دانە مىنامىيوت، توققۇز دانە زەمبىرەك، 38 تال پىلىموت ۋە زور تۈركۈمدىكى ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى ئولجا ئالدى.

جەنۇبىي لىنىيىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق بولدى: 1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سوپاخۇن ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ 150 كىشىلىك ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىگە قوماندانلىق قىلىپ، موڭغۇلكۈرە، كۈكسۇ، ئاق بۇلاق داۋانلىرىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبقا ئىلگىرىلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، بايىنبۇلاقنى ئىشغال قىلدى. 15 ـ كۈنى، بايىنى ئىشغال قىلدى، 26 ـ كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭ بولىنىڭ بوغىزى بولغان قورغان تاغ ئېغىزىنى ئىشغال قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئاقسۇ كونىشەھەرگە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ ۋە ئۇنى ئېلىپ، ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇردى. ئاقسۇ شەھىرىگە 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ، 8 ـ، 12 ـ، 24 ـ كۈنلىرى ۋە 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنلىرىگىچە كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى، ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن بولدى. جياڭ جيېشى ئاقسۇنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان قوشۇنلىرىنىڭ كومپولكىسى قوشۇمچە ۋالىي جاۋخەنجىگە «پۇختا، چىڭ ساقلاش، ئاخىرقى بەش مىنۇتقىچە بەرداشلىق بېرىپ، ياردەمچى قوشۇننىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈش» توغرىسىدا تېلېگراممىا ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى. مىللىي ئارمىيە ئاخىر قورال ـ ياراق جەھەتتىكى پەرق تۈپەيلىدىن چېكىنىپ، ئاقسۇ كونىشەھەر، جام، قىيىرنى مۇھاپىزەت قىلدى. 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، جەنۇبىي لىنىيىدىكى مىللىي ئارمىيە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى جاڭ جىجوڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىلىغا چېكىنىپ كەتتى.

پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان تاشقورغان خەلقىنىڭ گومىنداڭغا قارشى قوراللىق كۆرىشىمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئىسھاقبېك قاتارلىق كىشىلەر 1943 ـ يىلى يازدىلا، بۇ يەردە «ئازادلىق تەشكىلات» ۋە پارتىزانلار ئەترىتى قۇرغانىدى. 1944 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، 120 نەچچە كىشىلىك پارتىزانلار ئەترىتى گومىنداڭنىڭ ئاشلىق ترانسپورت ئەترىتىگە توسۇپ زەربە بېرىپ،

130 تۆگىگە ئارتىلغان ئاشلىققا ئىگە بولۇپ، پارتىزانلار ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى: پارتىزانلار ئەترىتى 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تاشقورغان قاتارلىق جايلىرنى ئېلىپ، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت — تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، ۋالىي ۋە مۇئاۋىن ۋالىيلارنى سايلاپ چىقتى، يەنە جەنۇبىي يول قوماندانلىق شتابىي قۇردى، ئۈچ ۋىلايەت ئىسھاقبېكنى باش قوماندان قىلىپ ئەۋەتتى ھەم بىر قىسىم قوشۇننى ياردەمگە بەردى. پارتىزانلار ئەترىتى قىرغىز پولكى مەسئۇللۇقىدا قەشقەر ۋە يېكەنگە ھۇجۇم قىلىش، تاجىك پولكى يەكەن، پوسكام ۋە قاغىلىقنى ئىشغال قىلىشنى كېيىنكى قەدەملىك پىلانى قىلدى. 1946 - يىلى 1 - ئايدا، پارتىزانلار ئەترىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىدە ھۆكۈمەت قۇردى. بۇ چاغدا، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئىككىنچى باسقۇچقا قەدەم قويغان بولۇپ، ئىككى تەرەپ ھەربىي ئىركىشىشنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ تۇرۇشنى كېلىشكەنىدى، شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىپ، تاشقورغاندا پەقەت بىر روتا ئەسكىرى كۈچىنى ساقلاپ قېلىپ، قالغانلىرىنى پۈتۈنلەي تارقىتىۋەتتى، قوراللىرىنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يىغىۋالدى، 7 - ئاينىڭ ئالدى - كەينىدە، تاشقورغان ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋە ھەربىي ئورگىنى ئىلگىرى - كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ لىنىيە بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈشى بىلەن، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت تۇتىشىپ كەتتى، قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى قىسمى تۇپتوغرا ماناس دەرياسىنىڭ غەربىگە يېتىپ كېلىپ، گومىنداڭ قوشۇنى بىلەن ئىركىشىپ تۇردى. ھەربىي كۈچى جەھەتتە گۈللەپ - ياشناش دەۋرىگە يېتىپ، گومىنداڭنىڭ يەتتە ۋىلايەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى.

## 88. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتى قانداق ئېلىپ بېرىلدى؟ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت كىملەردىن تەركىب تاپتى؟

1945 - يىلى 10 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىشىنى شۇ چاغدىكى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ۋە شىنجاڭ ۋەزىيىتى بەلگىلىگەن. ئالتە يىل داۋاملاشقان 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ۋە سەككىز يىل داۋاملاشقان جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتى تىنچلىققا جىددىي مۇھتاج بولدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەزىيىتى خەتەرلىك دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە ئىككى كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدىغان 140 نەچچە كىلومېتىر جايغا يېتىپ كەلدى؛ ئۈرۈمچىدە پەقەت ئالتە باتالىيون ئەسكىرى كۈچى، 100 نەچچە ئات ئوق، ئون كۈنلۈك ئاشلىق زاپىسى قالغان بولۇپ، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ماجالى قالمىغانىدى. جاڭ جيېشىمۇ ئىچكى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا جىددىي مۇھتاج بولدى. شۇڭا ئامالسىز ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجوڭنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان، ئابدۇخايىل تۆرە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى.

تىنچلىق سۆھبىتى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈندى. بىرىنچى باسقۇچى؛ 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە جەمئىي 78 كۈن داۋاملىشىپ، ئىككى تەرەپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش چارىسى ۋە سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى توغرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ماددىلىرى (يەنى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى دەپ ئاتىلىدۇ) ۋە قوشۇمچە ھۆججىتىنىڭ بىرىنچىسى ئىمزالاندى. ئىككىنچى باسقۇچى، 1946 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە جەمئىي 63 كۈن داۋاملىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى فارمروپكا قىلىش ۋە ئۇنىڭ تۇرىدىغان جايى قاتارلىق مەسىلىلەردە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى، ھەمدە تىنچلىق بىتىمىنىڭ قوشۇمچە ھۆججىتىنىڭ ئىككىنچىسى ئىمزالاندى.

تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: ھۆكۈمەت خەلققە ئۆزى ئىشەنگەن مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى سايلاپ چىقىدىغان سايلاش ھوقۇقى بېرىش؛ خەلققە دىنغا ئېتىقاد قىلىش، مىللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش، نەشر قىلىش، سۆز قىلىش، يىغىلىش، ئىچكى - تاشقى سودا قىلىش ئەركىنلىكى بېرىش؛ دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەتلىرىنى دۆلەت تىل - يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىل يېزىقىدا تەڭ چىقىرىش، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئۆز تىل - يېزىقىدا ئېلىپ بېرىش، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى دۆلەت تىل - يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى تەڭ ئىشلىتىپ ئېلىپ بېرىش؛ ھۆكۈمەت باج نىسبىتىنى بەلگىلەشتە، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ۋە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆلچەم قىلىش؛ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىنى 25 كە كۆپەيتىش، ئۇنىڭدىن ئون نەپىرىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت بەلگىلەش، قالغان 15 نەپىرىنى ۋىلايەتلەر كۆرسىتىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت تەيىنلەش؛ مىللىي ئارمىيە تەشكىللەشكە رۇخسەت قىلىش؛ ۋاقە

ھەل قىلىنىپ ئۇن كۈن ئىچىدە، قامالغان خادىملارنى ئۆزئارا قويۇۋېتىش.

قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ بىرىنچىسىدە، ئاساسلىقى ۋىلايەتلەر (شۇ چاغدا شىنجاڭ ئون ۋىلايەتكە ئايرىلاتتى، ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا، يەنە ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەندىن ئىبارەت يەتتە ۋىلايەت بار ئىدى) كۆرسىتىلگەن 15 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئالتە نەپەر كۆرسىتىشكە بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر نەپەر مۇئاۋىن رەئىس ۋە بىر نەپەر مۇئاۋىن باش كاتىپ بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ ئىككىنچىسى، ئاساسەن تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئۆزگىرىش بولغان رايوندىكى ئۆزگىرىشكە قاتناشقان قوشۇننى يېڭىباشتىن فارمىروپكا قىلىش توغرىسىدىكى 10 - ماددىسىغا قوشۇمچە قىلىندى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار بەلگىلەندى: ئۈچ ۋىلايەت مىللىي قوشۇنى دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شتاتىدىن پايدىلىنىلغان ئاساستا، ئۈچ ئاتلىق پولك، ئۈچ پىيادىلەر پولكى قىلىپ فارمىروپكا قىلىنىدۇ، ئومۇمي ئادەم سانى 11 مىڭدىن 12 مىڭغىچە چەكلىنىدۇ. ئالتە پولكنىڭ تۇرار جايى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت بىلەن چەكلىنىدۇ، ئالتە پولكنىڭ قوماندانىنى ئۈچ ۋىلايەت كۆرسىتىدۇ، مەزكۇر قوماندان پۈتۈن ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىنى قوشۇمچە ئۈتەيدۇ. دۆلەت چېگرىسىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان قوشۇنلىرى مەسئۇل بولىدۇ. ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنىڭ ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى فارمىروپكا قىلىنىدۇ، ئۇ يەرلىك مۇسۇلمان خەلقىدىن تولۇقلىنىدۇ.

تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى، شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل بولغانلىقىدىن بەلگە بېرىدۇ. 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. غەربىي شىمال قارار گاھى (7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى مىللىي ھۆكۈمەت رەئىس قارار گاھىغا ئۆزگەرتىلدى) نىڭ مۇدىرى جاڭ جىجۇڭ قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، رەئىسلىكنى ئۈستىگە ئالدى. ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىسلىكنى ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى؛ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى ۋاڭ زېڭشەن، مۇئاۋىن نازىرلىقىنى رەھىمجان؛ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى سەيپىدىن ئەزىزى، مۇئاۋىن نازىرلىقىنى سەي زۇڭشيەن، ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى مۇھەممەت ئىمىن ئەيسا، مۇئاۋىن نازىرلىقىنى گۇچيەنجى، ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى لوخويۈن، مۇئاۋىن نازىرلىقىنى ماتىگراڭ، ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە باش كاتىپلىقىنى ليۇ مېڭچۇن، مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىنى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، سالىشى، ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىنى جاۋجيەنفېڭ، مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى ئەردىنى؛ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىنى دەللىقان ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەيئەت ئەزالىرىدىن يەنە جۇۋۇ (ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى)، ئىسھاقبېك (قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى)، ئېلىخان تۆرە، ئوسمان، ئەيسا، ئابدۇكېرىم مەخسۇم، جۇڭ دىخۇا، گۇەن زىلياڭ (ۋەزىپىگە ئولتۇرمىدى) لار بار ئىدى.

شۇنچە كۆپ ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشى شىنجاڭ تارىخىدا تېخى ئۇنىچى قېتىم ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسى بولمىغان بولسا، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتمۇ بولمىغان بولاتتى.

## مۇھاكىمە ۋە تەكلىپ

4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى ئۈرۈمچىدە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. 30 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس، ئالىم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆگەنگەندىن كېيىنكى تەسىراتىنى كەڭ - كۇشادە سۆزلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ئەقىل كۆرسەتتى.

مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملار كىشىلەردىكى مۇجمەل تونۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكنى ئېچىۋېتىشتە ساقلانغان بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدا توققۇز تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىننى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تۇرسۇن سادىق باشقۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى فېڭ داجېن سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ ھەمدە سۆز قىلدى. بىرلەشمىمىزنىڭ باشقا رەھبەرلىرىمۇ يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى.

ئۆز خەۋىرىمىز

## كېلەر ساندا ئېلان قىلىنىدىغان موھىم ماقالىلار

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلتىزچە چوڭ تۈرايلى — ئابدۇرېھىم رەجەپ

تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىنەزەرىدىن سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىگە نەزەر — روزىيوۋ مۇھەممەت

تەھرىرلەر قوشۇنىنى مۇتەخەسسىسلەشتۈرۈش توغرىسىدا — ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتى ھەققىدە مۇلاھىزە ۋە مۆلچەر — ھەيدەر پەيزۇللا، مۇرات

كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا مانى تەسۋىرى ۋە شىنجاڭدىن تېپىلغان مانىزم سىزما يادىكارلىقلىرى — ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى — غەيرەتجان ئوسمان

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئىشلەتكەن يېزىقلىرى ھەققىدە — ئابدۇقەييۇم خوجا

ئۇيغۇرلاردا كالىندارچىلىق ۋە «مەجمۇئەتۇل ـ ئەھكام» ناملىق ئەسەر توغرىسىدا — ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

باش مۇھەررىر: تۇرسۇن سادىق
ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىر: ئىسلامجان شېرىپ

# ماقالا قوبۇل قىلىش ئېلانى

«ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە قولغا كەلتۈرگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ رېئال ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى جامائەتكە تونۇشتۇرىدىغان ئىلمىي ژۇرنال بولۇپ، بىرلەشمىمىزگە قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزالىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئامما ماقالا قوبۇل قىلىدۇ، ھەمدە ئىلمىي جەمئىيەتكە ئەزا بولمىغان ئالىم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ماقالىلىرىنىمۇ چەتكە قاقمايدۇ.

ژۇرنىلىمىز ئاپتورلاردىن مۇستەھكەم ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە ساغلام ئەدەبىي ئىستىل بىلەن ماقالىلىرىنى پۇختا، ئىخچام يېزىشنى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى بىلەن ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئىلمىي بولغان ئېچىلىش - سايراشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى، ماقالىلىرىدا نەقىل قىلىنغان كۆز قاراش ۋە ماتېرىياللارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىق ئىزاھلاپ قويۇشنى، باشقا گېزىت - ژۇرناللار ئېلان قىلغان ۋە ئېلان قىلماقچى بولغان ماقالىلەرنى ئەۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. ماقالە ئىبەرتىدىغانلار ژۇرنالدىكى ئادرېس بويىچە ئالاقە قىلسا بولىدۇ.

ژۇرنىلىمىزغا مۇشۇ ساندىن باشلاپ رەسمىي مۇشتەرى قوبۇل قىلىمىز. مۇشتەرى بولۇشنى خالىغانلار ژۇرنىلىمىزنىڭ ئادرېسى بويىچە بۇيىللىق 3 ـ 2 سانلىرىغا 2.00 يۈەن، كېلەر يىللىق 1 ـ 4. سانلىرىغا 4.00 يۈەن ئىبەرتىپ تىزىمغا ئالدۇرسا بولىدۇ.


新疆社科论坛 (يەسلىلىك ژۇرنال) شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

ش ئۇ ئا ر پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى

ئىچكى بېتى: شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مۇقاۋىسى: شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN56 ـ 1020/C:(XJ)

باش مۇھەررىر: تۇرسۇن سادىق

ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىر: ئىسلامجان شېرىپ

باھاسى: 1.00 يۈەن

ئورنى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 46 ـ قوراﺋ پوچتا نومۇرى: 830001

تېلېفون: 262023، تېلېگراممىا: 3027